ئەسەرلەر گۈلىستانى

# ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا

(«مىفتائىل ئەدەب»، «نەسىھەتى ئامما»)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

کلاسسکلار گۈلستانى

# ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا

(«مىفتائىل ئەدەپ»، «نەسىھەتى ئامما»)


پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: ئەمەت دەرۋىش



شنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

智慧是最好的顾问：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-791-7

I. 智… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024485 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　智慧是最好的顾问
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　艾麦提·代尔韦西
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-791-7
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلستانى
كىتاب ئىسمى: ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئەمەت دەرۋىش
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-791-7
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا» دېگەن كىتابتا خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام (1862 – 1924) نىڭ ھاياتى ۋە تەلىم ـ تەربىيىگە دائىر ئەسەرلىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

# مۇقەددىمە

ئىلىم ئۈگەنمەك قىز - ئوغۇلغا پەرز،
ئىلىم ئۈگەتمەك ئاتا - ئانىغا قەرز.

دەلىۋە ئاخىرلىشىپ ھۆتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرى. ئىزغىرىن شامال ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ، باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بېرەتتى. سابىر ھاجىم چىلان تورۇقىنى يورغىلىتىپ، يول بويى بىخ يېرىش ئالدىدا تۇرغان دەل - دەرەخلەرگە، كەڭ كەتكەن ئېتىزلارغا، ئېتىز قىرلىرىدا كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ نېمىلەردۇر بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان دېھقان ئەشرەپلەرگە قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇ: كونىلاردا «ھوت، كەتمەن سېپىنى تۇت» دېگەن گەپ بار. دېھقان ئەشرەپلەر پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. «يىلنىڭ بېشى باھاردىن، ئىشنىڭ بېشى ناھاردىن» دېگەندەك، مېنىڭمۇ بۇ ئىشىم خەيرلىك بولغاي، ئىلاھىم، دېدى ئىچىدە.ئۇ ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنىڭ توغرىلىقىدىن مەمنۇن بولغاندەك،كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ، يۇرتىنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرى ئەھمەد ئەلەمنى ھۆرمەتلەپ،ئۇنى ئاغزى - ئاغزىغا تېگىشمەي ماختاپ: يۇرتىمىزنىڭ چىرىغى، كۆڭۈل ئۆيىمىزنىڭ تۆۋرۈكى، دەپ ماختىشىپ ياخشى تەرىپىنى قىلىشاتتى. پەرزەنتلىرىنى گويا ناھايىتى داڭدار بىر ھۈنەرۋەنگە شاگىرتلىققا بەرگەندەك، خۇشكۆڭۈللۈك بىلەن يېتىلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىلىم ئۈگىتىپ قويۇشىغا تاپشۇراتتى. ئەھمەد ئەلەممۇ رازىمەنلىك بىلەن



www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلاتتى. سابىر ھاجىمنىڭ بۈگۈن سەھەردە يولغا چىقىشى پەرزەنتى رۇستەمنى ئەھمەد ئەلەمگە ئوقۇغۇچىلىققا بېرىش ئۈچۈن ئىدى. سابىر ھاجىم چىلان تورۇقنى ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ سېدىگە باغلاۋاتقاندا ئوغلى رۇستەم گويا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرگەندەك، ئەھمەد ئەلەمنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە يۈگۈردى. سابىر ھاجىم ئۇنى توختىتىۋالماقچى بولۇپ تەمشەلدى - يۇ، كۆڭلى ئوغلىنىڭ ئىلىمگە تەشنا تۇيغۇسىنى توختىتىۋېلىشنى راۋا كۆرمىگەندەك سەل توختىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

كەڭ كەتكەن ئازادە ھويلا تۆت تەرەپ پېشايۋاننى ياقىلاپ تارتىلغان بېدىش بىلەن ئالاھىدە كۆركەملەشكەنىدى. يېڭىلا ئارتىلغان ئۈزۈم تاللىرىدىن تامچىلاۋاتقان تال سۈيى ئۇنىڭ بۇ يىلقى بولۇقىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ئوچۇق دەرۋازىدىن ئېھتىرام بىلەن كىرگەن سابىر ھاجىم پېشايۋاندا ئولتۇرغان ئەھمەد ئەلەم بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئەھمەد ئەلەم ئالدىدىكى رېھلدا ئېچىقلىق تۇرغان كىتابنى يېپتى - دە، رېھلنى نېرىراق سۈرۈپ سابىر ھاجىمنى كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى.

— ئوغلۇمنىڭ ئىلىمگە بولغان رىغبىتى مېنى جىم تۇرغۇزمىدى. جانابلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئۇل سېلىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلب ئۆيىگە ئىلىم تۈۋرۈكى تىكلىنىپ قالسا، كېيىنكى قۇتلۇق ئىشلىرىنىڭ ساۋابى سىلىگە بولارمىكى دەپ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ھوزۇرلىرىغا كېلىشىم، — دېدى سابىر ھاجىم تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ خېلى ئۆزۈندىن كېيىن بىۋاستە مەقسەتكىلا كۆچۈپ.

— كەلگەنلىرى ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ. يازمىلاردا:

«كىمكى جەم بولسا نادانلار قەۋمىگە،
دەز كېتەر ئەقلى - ھوشى ھەم پەھمىگە.»

دېگەن ھېكمەت قەيت قىلىنغان. «ئىلىم ئۆگەنمەك قىز ۋە ئوغۇلغا پەرز، ئىلىم ئۆگەتمەك ئاتا - ئانىغا قەرز» دېگەن گەپ بار. پەرزەنتلەرنى ياخشى

تەربىيىلەپ، سالىھلاردىن قىلىپ چىقىش ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى. مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چوقۇم ئورۇندىشى شەرت. پەرزەنتمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھنەت ـ ئەجرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ ئىخلاس، ئەقىدىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ئاتا ـ ئانا مەجبۇرىيىتىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىپ جاۋاب قايتۇرمىقى پەرز. پەرز دېگەن سۆز قارىماققا ئاددىي بىر سۆزدەك تۇرسىمۇ، لېكىن مەنبەسىدىن ئېيتقاندا، چوقۇم ئادا قىلىش كېرەك بولغان مەجبۇرىيەت دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. ھاياتلىقتىكى بۇنداق زۆرۈر پەرزنىڭ بىرى ۋە ئەۋۋىلى مانا مۇشۇ. بۇ ھەم ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن، ھەم پەرزەنت ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. ئەمدى يەنە بىر گەپ، ئوقۇغۇچى ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلدە ئىشلەتمەك، كىتابىي بىلىملەرنى ئەمەلىي بىلىملەرگە ئايلاندۇرماق، بىلىمى ئارقىلىق يۇرتنى كۆكەرتمەك، بىلىمى ئارقىلىق كىشىلەرنى ھەقىقەت يولىغا باشلىماق، بىلىمى ئارقىلىق دىلى ئەمالارنىڭ قەلب ئۆيىگە ئىلىمنىڭ شامىنى ياقماق، بىلىمى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىدىن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەبەدىيلىك يالداما سۈپىتىدە تەۋەررۈك قالدۇرماق، بىلىمى ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، بىلىمى ئارقىلىق ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى، ئادىمىيلىك يولىنى، ئىنسانىي بۇرچىنى تونۇتماق پەرز. بۇلارنى پەرزەنتلەرگە بىلدۈرۈش ھەم ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەم ئوقۇتقۇچىنىڭ قەرزى. چۈنكى، بىلىملىك كىشى بىلىمى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمەس، بىلىمىنى ئەمەلدە ئىشلىتىپ، ئەلگە، يۇرتقا مەنپەئەت يەتكۈزەلىگەنلىكى بىلەن ھۆرمەتلىك.

ئۆتمۈشكە ئايلانغان نۇرغۇنلىغان ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسىلەر ۋە سەرگۈزەشتىلەر ھاياتنىڭ ھەر ـ بىر ئاچال ـ دوقمۇشلىرىدا ئەسلىنىپ، ئادەمگە مەنزىل سەپىرىنىڭ تۈپتۈز ۋە شاۋقۇنسىز بولمايدىغانلىقىنى، ھاياتتا يۈز بەرگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئەسلەپ، ئۇنى كەلگۈسى

تۇرمۇشىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن ساۋاق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. لېكىن، ئەسلىمە دېگەن ھامان ئەسلىمە! كۆڭلەرنىڭ ئېقىن سۇدەك ئۆتۈشى، ئايلارنىڭ ئايلىنىشى، يىللارنىڭ قاتلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ تىلىنى يارغىدەك تاتلىقى، دىلىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان شادلىقى، يول كۆرسىتىدىغان ساۋىقى، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان قاباھىتى، ۋۇجۇدتا يارا پەيدا قىلىدىغان ئاسارەتلىرى ئۇنتۇلۇپ، پەقەت ۋەقەلىكتىن ئىبارەت بىر ھېكايەتلا ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ ھېكايەتلەر ھېكايە قىلغۇچىنىڭ ھېسسىياتى، پىكرى، تەپەككۇرى ۋە مۇلاھىزىسى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىدە ئوخشىمىغان تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. ئاڭلىغۇچىلاردىن ئاڭلىغۇچىلار ھېكايىگە نىسبەتەن تۈرلۈك قاراش ۋە ھېسسىياتتا بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك مەنتىق خۇلاسىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىسپاتى. ئۆتمۈشكە ئايلانغان تەسىرلىك ۋە ئىبرەتلىك ۋەقە ـ ھادىسىلەر، ئىش ـ ھەرىكەت، سەرگۈزەشتىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق، توغرا، ئىشەنچلىك ساقلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى قەلەم ئارقىلىق خاتىرىگە پۈتۈش. ئۇلۇغلارنىڭ «قەلەم بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىززىتى» دېگىنىدە ئىش ـ ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ خاتىرىسى بولغان كىتاب كۆزدە تۇتۇلغان. دەۋر قوينىغا ئالغان مىليونلىغان ئىلمىي تالىبلارنىڭ ئىلمىدە نۇسرەت قازىنىپ، ئەللامىلىك تاجىغا مۇشەررەپ بولۇشى دۇنيانىڭ ئىززىتى بولغان قەلەمنى ئۆزىگە دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن زامانىسىنىڭ دىلى ئەمالىرى ئۈچۈن روشەن ۋە توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلىگەنلىكىدە دېسەك مۇبالىغە بولماس.

دىلى ئويغاق ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە ساۋاتلىق ئادەم بار، دىلى ئويغاق ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدەكىتاب بار، دىلى ئويغاق ھەر قانداق بىر ئادەم ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدۇ.چۈنكى، ئەقىل بىلەن قىلغان ئىشنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى خەيرلىك بولىدۇ. زامانىمىز ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن ئورۇن ئالغان نۇرانە چىراي بوغۇنلار سانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلاردىن كەلگەن دېھقان ئەشرەپلەرنىڭ

پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكى ئاشۇ دېھقان ئەشرەپلەرنىڭ ئىلىمگە تايانماي تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلى. ئۇلار قىشۇ ياز ئېتىزدىن كىرمىديۇ، پەرزەنتى ئۈچۈن، پەرزەنتىنىڭ ئىلىمگە تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ياراتتى. ئۇلار ئاچ قېلىشقا رازى بولدىكى، پەرزەنتىنىڭ ئىلىم تۇيغۇسىنىڭ كۆچىيىشى ئۈچۈن كىتاب ئېلىپ بەردى. ئۇلار داق يەردە يېتىشقا رازى بولدىكى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئىلىم بەرگەن كىتابلىرىنىڭ يەردە چېچىلىپ، چاشقانلارغا يەم بولۇشىغا چىداپ تۇرالماي، ئالاھىدە كىتاب جاھازىسى ياسىتىپ بەردى.

ئىلىم سۆيگەننى ئۇلۇغلايدىغان، كۆيۈنگەنگە مېھرىبانلىق يەتكۈزىدىغان، قەدىرلىگەننى ئىززەتلەيدىغان، پەرۋىش قىلغانغا نەپ بېرىدىغان شۇنداق خاسىيەتلىك بىر نەرسىكى، ساختىلىقنى، ھۇرۇنلۇقنى، ئاڭقاۋلىقنى، مەسئۇلىيەتسىزلىكنى ۋە كىبىرنى ھەرگىز ۋە قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇنداقلارغا نەپمۇ بەرمەيدۇ.

ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى بوغۇنلارغا توغرا، چۈشىنىشلىك يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى كىتاب ئارقىلىق توپلاش ۋە يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش. كىتاب ئارقىلىق توپلاش دېگىنىمىزدە، مۇئەللىپ يازمىلىرىدا ئۆتمۈشكە ئايلانغان ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بىر قەدەر ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن قايتا ـ قايتا تەھقىقلەپ، ئاندىن خاتىرىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ تەجرىبە بولغىدەك ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرى خاتىرىلىنىدۇ. يەتكۈزۈش دېگەندە ئاغزاكى يەتكۈزۈشتىن يازما ئارقىلىق يەتكۈزۈش بىر قەدەر ئىشەنچلىك ۋە توغرا ھالدا ساقلىنىشچانلىقى ئۈزۈن بولىدۇ. شۇڭا دىلى ئويغاق ئادەمنىڭ ئۆيىدە كىتاب بار دېگىنىمىزنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان.ئۆگىنىش دېگەندە، ھەر قانداق بىر سىرلىق تۈگۈننىڭ يېشىلىشىنىڭ تۈرلۈك يوللىرى كىتابلارغا خاتىرىلەنگەن.ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلار توپلىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، قىسمەتلەردىن چىقىرىلغان ھېكمەت، تەجرىبىلەردىن يەكۈنلەنگەن

ساۋاق، كەلگۈسى ئىشلار ئۈچۈن ئىبرەت بولالايدۇ.
ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ كىتاب ئوقۇش، كۈندىلىك تۇرمۇشتىن كەچقۇرۇنلىقى خاتىرە يېزىش ئەجدادلاردىن قالغان ئۇدۇم - ئادەت! «تامار - تامار كۆل تولار» دېگەندەك، كۈندىلىك ئىشلاردىن يېزىلغان خاتىرە ئۆزۈڭ ئۈچۈن تۇرمۇش تەجرىبىسى، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەينەك، يول ماڭغۇچىلار ئۈچۈن نىشان، ئازغۇنلار ئۈچۈن ماياك بولىدۇ. ئەقىل ئۆگەنگەنسېرى روشەنلىشىدۇ. پىكىر ئويلىغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ. نۇتۇق بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ راۋانلىشىدۇ. ھەممىسى يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ تەجرىبىلىرىڭنىڭ موللىقى ۋە ياكى ئوقۇغان كىتابلىرىڭدىن ئالغان تەسىراتىڭنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھەر ئىشتا «ئەقىلگىدىن مەسلىھەت سورا» دېگەن مەشھۇر ھېكمىتى كۈندىلىك تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىقلاردا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىگە تايان دېگەن سۆزنىڭ ئىخچاملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئوقۇغان كىتاب، يازغان خاتىرە، جۇغلىغان تەجرىبە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئەقىل مەسلىھەتچىڭ بولالايدۇ. ياخشى، ياراملىق مەسلىھەتچىگە ئېرىشىش، ئۇنىڭغا مۇشتاق بولۇش، ئۇنى ئۆمۈرلۈك دوست تۇتۇش، ئۇنى مەڭگۈلۈك ھەمراھىم دەپ بىلىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. كىتاب ئېلىپ جاھازىدا ساقلاش شەرەپلىك ئىش بولغىنى بىلەن ئۇنى ۋاقتى - سائىتىدە ئوقۇپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىمەسلىك، ئۇنىڭدىن كۈندىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن بىلىم يۇقتۇرماسلىق كىتابنى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ساقلىغانغا باراۋەر. ساۋاتلىق تۇرۇپ تەجرىبىلەرنى يازمىلارغا خاتىرىلىمەسلىك، بوغۇنلارغا ئىبرەتلىك ھېكايەتلەردىن ساۋاق ئىگىلەتمەسلىك، ئىلىم دۇردانىلىرىدىن قەلب ئۆيىنى زىننەتلىمەسلىك بېخىللىق جۇملىسىدىندۇر. يىللىق كىرىمىدىن مۇۋاپىق سەرپ قىلىپ كىتاب سېتىۋالماق، كىتابلارنى قولقا (ئېلىم - بېرىم) سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇماق، ياخشىلارغا كىتابلاردىن ئۈچۈر قىلىپ مۇلۇك قاتاردا سېتىۋېلىشقا رىغبەت بەرمەك، قوشنا - قولۇملارغا كىتابلاردىكى

جاۋاھىراتلاردىن چاچقۇ چاچماق، گۇمراھلارغا كىتابتىن مەسىلە ـ مەرىپەت ئېيتىپ، ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا باشلىماق ئادىمىيلىك جۇملىسىدىندۇر. ئەقىل مانا مۇشۇنداق پائالىيەتلەردىن جۇغلىنىدۇ. پەرزەنتلىرى مانا مۇشۇ ئەمەللەرگە ئەقىل ئىشلىتىشنى خالامدۇ؟ جانابلىرىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتتىمۇ؟

ئەھمەد ئەلەم سابىر ھاجىمغا سوئال نەزىرىدە قارىدى. خېلىدىن بېرى ئەلەمنىڭ سۆزلىرىدىن يۈكسەك بىر ھەقىقەتنى بىلىپ يېتىپ، ئۇنىڭ ھەربىر ھالقىلىرىنى ھاياتىنىڭ دوقمۇشلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سابىر ھاجىم دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئەلەمگە ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ئۆتكەن كۈنلىرىمنى قايتا ئەسلەتتى. ئۇلار ماڭا تۇرمۇش ھەقىقىتىنى قايتا تونۇتتى. يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندەك بولۇپ قالدىم. ئەلھەمدۇلىللا، بۇ سۆزلەر كېيىنكى ھاياتىمنىڭ يول بەلگىسى، ئائىلەمنىڭ، نەسەبىمنىڭ ئەبەدىي ئاۋاتلىقى ۋە شەجەرەمنى كۆكلەتكۈچى توختىماس ئېقىندەك كۆڭلۈمنى يايراتتى. ئىلىمنىڭ خاسىيىتى مۇشۇنداق بولسا، پەرزەنتىمنى ئىككى قوللاپ سىلىگە سۇندۇم!

ئەھمەد ئەلەم ئىلىم يولىغا قەدەم باسقان ئىلىم تەلەپكارلىرى مۇشۇلارنى بېجىرىشى، بىلىشى ۋە ئەمەل قىلىشى لازىم. ئەگەر بۇلار تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ماس كەلمىسە، ئىلىمنى بايلىق توپلاشنىڭ، ئەمەلگە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىشنى ئويلىغان بولساڭ، پەرزەنتىڭنىڭ ئۆمرىنى ۋە مېنىڭ ئىخلاس، ئەقىدەمنى ۋەيران قىلما ـ دېگەن مەقسەتتە ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنىڭ سابىر ئاخۇنغا كۈچىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە سابىر ئاخۇننىڭ ئوغلىغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئوغۇلنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى چاقماق كىرپىكلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بىر جۈپ كۆزى زىيادە نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئوغۇل دەرھال بولغۇسى ئۇستازىنىڭ ئالدىغا تىزلاندى ـ دە، قىزغىنلىق بىلەن:

www.uyghurkitap.com

— ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، ئەقىل ئۇچقۇنلىرى قەلبىم ئۆيىنى ھاياتىي نۇرغا تولدۇردى. تەلىملىرىنى ئۆمۈرۋايەت قوبۇل قىلىپ، يارامىلىق ۋارىس بولۇش ئەھدىم، دەپ بىلىمەن. ئەقىلىمنىڭ قۇۋۋىتى، جىسمانىيىتىمنىڭ قۇدرىتى يەتكىچە ئىلىم تەھسىل قىلماق ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتمەكنى بۇرچۇم ۋە ئەھدەم دەپ تونۇيمەن. ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا ھاياتىمنى سەرپ قىلىشقا رازىمەن، — دېدى.

— باركاللا، ئاپىرىن! قېنى، ئورنۇڭدىن تۇر، ئوغلۇم! ساڭا دۇئا قىلاي، ئامىن!

ئۇچەيلەن دۇئاغا تەڭلا قول ئاچتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇتلۇق دۇئا ۋە رەھمەت - تەۋەززۇلاردىن كېيىن، سابىر ئاخۇن ئوغلىنى ئەلەمنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ ئۇزاپ چىقتى.

چىلان تورۇق بىر خىل يورغىدا ئۆيگە قاراپ ماڭماقتا. سابىر ئاخۇن يول بويى ئەھمەد ئەلەمنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ ماڭدى. ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئەلەمگە شاگىرتلىققا ئەكېلىپ بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رازى بولدى - يۇ، تونۇلغان سودىگەر تۇرۇپ، ئوغلىغا يېتەرلىك شارائىت ھازىرلاپ بەرمىگەنلىكىگە، نەچچە ئېغىز لىق شۇنچە كاتتا ئايۋان، سارايلارنىڭ بىرەرسىنى ئايرىم كۇتۇپخانا قىلمىغانلىقىغا، بىرەر كىتاب جاھازىسى ياسىتىپ، ھېچ بولمىسا تۇرمۇش بىلىملىرى، تۇرمۇش ساۋاتلىرى يېزىلغان كىتابلاردىن بولسىمۇ بىرەر پارچىدىن ئېلىپ تىزىپ قويمىغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى. پەرزەنتلىرىنى پۇل تاپتى دېگەن بىلەن پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان، ئۆزىنىڭ زەردارلاردىن ئاتىلىپ قالغىنى بىلەن بىرەر خەيرلىك ئىشتا ھەسسىسىنىڭ يوقلىقىنى، ھېچ بولمىسا، ھېلى ئېتىنىڭ پۇتى تىقىلىپ كەتكەن ئىشىك ئالدىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە كۆۋرۈكنى بولسىمۇ ئوڭشىلاپ قويمىغانلىقىغا ئەپسۇسلاندى. رەستىدە قېنىق دەملەنگەن ناۋات چاينى ئالدىرىماي سۇمۇرۇپ، بىر - بىرىگە سىر كۆرسەتكەن، مال - مۈلۈكلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ ئۆشرە - زاكاتنىڭ سانىنى بىر - بىرىگە ۋەزخانلىق قىلغان ۋاقىتلىرىنى نومۇس ئىچىدە ئەسلىدى. چوڭ ئوغلىنى ئۆيلىگەندە ئايالى

هاشيه هاجى خېنىمنىڭ كېلىنگە ئاشكارىلا ئۆز ئالدىغا ئايرىم قۇربانلىق قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى، هۇجرىسىغا هېيتلىق داستىخان راسلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشلارنىڭ قىزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قانچىلىك بېسىم كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، مۇھىمى باشقىلارغا بەرگەن تەسىرنىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ تۇرۇپمۇ سۈكۈتتە تۇرغانلىقىغا ئېچىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىمسىزلىكنىڭ، دىلى ئەمالىقنىڭ سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇدى.

ـــ مەنمۇ ئۆزۈمنى ئادەم دەپ يۈرۈپتىمەن. ئادەمدە ئادىمي هايا، ئادىمي تۇيغۇ ـ هېسسىيات، ئادىمي بىلىم بولمىسا هايۋان بىلەن باراۋەرلىكىنى ئەمدى تونۇپ يەتتىم. ئەھمەد ئەلەمنىڭ يۇرتىنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشىنىڭ بائىسىنى ئەمدى بىلدىم، ـــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىزگۇ بىر تىلەك باش كۆتۈرگەندەك بولدى.

# ئۈچرىشىش بوسۇغىسىدا

ئەھمەد ئەلەم كۈندىلىك ئادىتى بويىچە سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. ھويلا تىپتىنچ. سەھەرنىڭ سالقىنى ھويلىدىكى ئۈزۈملەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەڭگىل تەۋرىتەتتى. پېشايۋانغا تۇتاشقان بېدىشكە ئارتىلغان ئۈزۈم تاللىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن شۇڭغۇغان ئاي نۇرى يەر يۈزىنى ئالىبۇلىماچ يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم يۆتىلىپ - چۈشكۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاسمانغا قارىدى. ھۈكەر يۇلتۇزى ئاللىبۇرۇن يانغا ئۆتكەن، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن چولپان يۇلتۇزى تال باراڭلىرى ئارىسىدىن ئەلەمگە كۇلۇپ قارايتتى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھويلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كۇتۇپخانا ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. كەلدى - يۇ، «تىرىق» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ كۇتۇپخانا دەرىزىسىنىڭ يېپىقلىق قاپقىقىنىڭ ئاراشلىرىدىن ھويلىغا چۈشۈپ تۇرغان چىراغ نۇرى «لاپ» قىلىپ يوقالغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر گۇمان پەيدا بولدى. كۇتۇپخانىغا كىرگەن بىرەر قارا نىيەتمىدۇ، ياكى رۇستەم كۇتۇپخانىدىن چىقىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ بىردەم جىم تۇردى. مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مانا مۇشۇنداق سەھەردە ياۋۇز مەلئۇن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغانلىقى يادىغا يېتىپ، كۆڭلى بىر قىسىملا بولدى. ئۇ تۇرغان جايىدا خېلى ئۇزۇنغىچە جىم تۇردى. ئىچكىرىدىن بىرەر شەپە بولمىغاندىن كېيىن، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، پېشايۋاننىڭ چىرىغىنى ياندۇردى. ھويلا ئىچى سۈتتەك ئايدىڭدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يۈرەكلىك ھالدا كۇتۇپخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— قايسىڭ سەن؟ بۇ ياققا چىق!

— مەن، دادا، مەن!

ئىچكىرىدىن نازۇك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەھمەد ئەلەم شۇئان شاگىرتى رۇستەم ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى ـ دە، بىمالال ئىشىكنى ئېچىپ كۇتۇپخانىغا كىردى ۋە چىراغنى ياندۇردى. زامانىسىغا نىسبەتەن خېلى ئەلا دەرىجىدە بېزەلگەن كۇتۇپخانا تام ياقىلىنىپ قويۇلغان كىتاب ئىشكاپلىرى، يېزىقچىلىق قوراللىرى، شىرە، ئۇستەل قاتارلىقلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىتاب ئىشكاپلىرىدىكى كىتابلار رەت ـ رەتى، تۈر ـ تۈرلىرى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم تىزىلغان، ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە بىر دانە ياغاچ ئويما نەقىشلىك كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ بېشى تەرىپىدىكى جاھازىدا ھەرخىل كىتابلار ئارىلاش تىزىقلىق ئىدى. رۇستەم ئۇستازىنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە سالامدىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن تۇتۇپ تۇردى.

— نېمانداق مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىسەن؟

رۇستەم خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىۋالدى.

— بۈگۈنمۇ يەنە كېچىچە ئۇخلىماي كىتاب كۆرگەن ئوخشىمامسەن؟

ئەھمەد ئەلەم نارازى بولغاندەك رۇستەمگە قارىدى. رۇستەمنىڭ چىرايىدىن بۈگۈن كېچىمۇ كىرپىك قاقماي كىتاب كۆرگەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇستازىنىڭ يەنە تەنبىھ بېرىشىدىن قورققاندەك، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي جىم تۇردى.

— كىتاب ئوقۇش ياخشى ئىش. بىراق، ھەر ئىشنىڭ ئۆز لايىقىدا بولغىنى ياخشى. ئەقلىي ئەمگەك جىسمانىي ئەمگەككە ئوخشىمايدۇ. ئەقلىيەت بىلەن جىسمانىيەت زىچ بىرىكمىسە تەن كاردىن چىقىپ، مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمەيدۇ. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمانداق گەپ ئاڭلىمىغانلىق بۇ؟! بىر كېچە ئۇخلىماي نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

ئەھمەد ئەلەم بىر تەرەپتىن شاگىرتى رۇستەمگە سۆزلىگەچ، يېزىق ئۈستىلى ئالدىغا كەلدى. يېزىق ئۈستىلىدە خوتەننىڭ پاتلانغان سېرىق قەغىزىگە دانە ـ دانە قىلىپ خۇشخەت بىلەن كۆچۈرۈلگەن «مىفتاھۇل

ئەدەب» ناملىق كىتابىنىڭ تېخى سىياھى قۇرۇمىغان بەتلىرى يېپىقلىق تۇراتتى. ئەلەم بىر بەت ھۆسنىخەتنى ئېلىپ چىراغ نۇرىغا يېقىن ئەكىلىپ تەپسىلىي قاراشقا باشلىدى. ھەربىر خەتنىڭ سىزىقچىلىرى، ھەمزە، چېكىتلىرى شۇنداق كۆركەم، خەت ئاساسى قوۋۇرغىلىق، مەزمۇنغا ماس ھالدا بېزەكلەنگەن بولۇپ، بىر قاراشتىلا كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. ئەلەمنىڭ كۆڭلىدە رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئويغانغاندەك بولدى ۋە رۇستەمدىن سورىدى:

— قانداق بولۇپ كىتابنى كۆچۈرۈپ يېزىش قارارىغا كېلىپ قالدىڭ؟

— مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى زوق، ئىختىيارىم ۋە قىزىقىشىم مۇشۇ كىتابتىن نېرى بولمىدى. مەرھۇم داموللامنىڭ قىسقا ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك، ئاددىي ئەمما مۇكەممەل پىكىرلىرى ۋۇجۇدۇمدا ھەمىشە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ئىستىكىنى قوزغاپلا تۇردى. شۇڭا، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم تۈپەيلى مۇشۇ كىتابنى ھۆسنىخەتچىلەپ كۆچۈرۈپ يېزىشنى ئويلىغانىدىم.

رۇستەم ئۇستازىنىڭ ئالدىدا گويا بىر ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قول باغلاپ تۇردى. ئەھمەد ئەلەم كىتابنىڭ بىر قانچە بەتلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن رۇستەمنىڭ ۋۇجۇد دەرىخىدە قوزغالغان بىر ئىشتىياقنىڭ بىخلىرىنى كۆرگەندەك بولدى ـ دە، ئۇنى پەرۋىش قىلىشنىڭ، ئۇنىڭغا يەتكۈدەك ئوزۇق بېرىپ، گۈللىتىپ، شېرىن مېۋە ئېلىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ رۇستەم ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن بېرى ئۇستازىدىن ساۋاق ئېلىپ بولۇپلا، مۇشۇ قىرائەتخانىدىكى كىتابلار ئارىسىدىن ئابدۇقادىر دامولامنىڭ بىر يۇرۇش ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. ئۇستازى بىر قانچە قېتىم باشقا كىتابلارنىمۇ كۆرۈش تەكلىپىنى بەرگەندە ئۇ: «بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنى چۈشىنىشلىك، تۇرمۇشقا يېقىن، تىلى راۋان ۋە ئاممىباب، ئوڭاي ئەستە قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.ئىلىم

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىشتە قىزىقىشقا رىغبەت بەرمىسە، تىرىشچانلىقنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئۇستاز پەيتنى چىڭ تۇتۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدى ـ دە، سورىدى:

— سەن ئابدۇقادىر داموللامنى بىلەمسەن؟

«بىلەمسەن؟» دېگەن گەپنىڭ ئىلمىدە مۇشۇ ھەقتە قانچىلىك تونۇشقا ئىگە بولدۇڭ؟ دېگەن مەقسەتنى بىرىدىغانلىقىنى بىلگەن رۇستەم تارتىنىپقىنا جاۋاب بەردى:

— دامولامنىڭ ئۆزىنى بىلمەيمەن. ئەمما، قولۇمغا يېقىن بىر قانچە كىتابلىرى بىلەن ئازراق تونۇشۇپ چىقتىم.

— ھە، مۇنداق دېگىن!

ئەلەم ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مەرھۇم دامولامنىڭ نۇرانە سىيماسى، ناجىنس مەلئۇن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان كۈندىكى شەھەر خەلقىنىڭ ھازىغا چۆمگەن ھالەتلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ ئىشلاردىن شاگىرتىنى خەۋەردار قىلىش، دامولامنىڭ پۇتكۇل نىيەت ـ ئىقبالىنى ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن بېغىشلىغان شەخسىيەتسىز ھاياتىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئابدۇقادىر دامولامنىڭ «ئالىم شاگىرتلىرىغا ئىلىم ئۆگەتكەندە، غەرەزدىن خالىي بولۇپ، ئۇلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل قاراتسا، زامان ئەھلى نەزىرى تار مولىلاردىن قۇتۇلىدۇ» دېگەن مۇبارەك ھېكمىتىنى ھەمىشە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ شۇ سۆزلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئالىمغا بولغان ئىخلاس ـ ئەقىدىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئابدۇقادىر دامولامنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ خەلق مەدەنىيەت ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان ئۈچمەس، بۈيۈك خىزمەتلىرىنى، شانلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە ئىلمىي مەزمۇنى ئۈستىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىشنى ئىلمىنىڭ ئىپتىداسى قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

— كەل ئوغلۇم، بېرى كەل! سەن ئابدۇقادىر دامولامنىڭ نىمە

ئۇچۇن «داموللا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، «داموللا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن؟

رۇستەم ئىپتىدائىي دەرستىلا ئۇستازىنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولدى. ئۇ ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە ئۆزىدە كۆپ قىزىقىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان بىلەن تېخى ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى «داموللا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تولۇق بىلمەيدىغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى ـ دە، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

— بولدى، بولدى، ھېچ ۋەقەسى يوق. كەل، بېرى كەل! مەن ساڭا ئۆگىتەي، — دېدى ئەلەم ئىشتىياق بىلەن، — «داموللا» ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، دىنىي ئىلىم بويىچە بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەنلەرگە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۇركمەن قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بېرىلىدىغان دىنىي دەرىجە نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل قاراش بار:

(1) بەزىلەر:«داموللا» دېگەن ئىسىم ئەرەبچىدىكى «دامە» (داۋام قىلغاي) بىلەن «مەللائ» (ئىلىمگە تولغان) دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەسلىدە «دامە مەللائ» دېگەن ئىسىم كېيىن «داموللا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان؛ مەنىسى: «ئۇنىڭ ئىلمى داۋام قىلغاي» دېگەن بولىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ.(2) يەنە بەزىلەر «داموللا» ئەرەبچە «دامە ئۇلا» (ئۇستۇنلۇكى داۋام قىلغاي) دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى دەپ قارايدۇ.(3) يەنە بەزىلەر: «داموللا» دېگەن ئىسىمدىكى «دا» پارسچىدىكى «دەھ» (ئون) نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، «موللا» بىلەن قوشۇلغاندا «ئون يىللىق دىنىي ئىلىم تەربىيىسى ئالغان كىشى» دېگەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېمەك، بۇلارغا قارىغاندا ئابدۇقادىر داموللام ئىلىمدە مەرتىۋىسى ئۇستۇن، بىلىمى توشۇق، نەزەر دائىرىسى كەڭ بىر زات بولغان. ئۇنىڭ ئىزچىل تۇردە مەرىپەتنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش، يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۇنىڭغا يەنە «مەدەنىيەت جەڭچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنىمۇ تارتۇق قىلغان. ئۇ مەرىپەت

يولىدا قەلەمنى قورال قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئىشلىدى. مەدەنىيەت تارىخىدا بۇنداق جان كۆيەرلىك بىلەن ئىشلىگەن تۆھپىكار زاتلار بارماق بىلەن ساناقلىق. «داموللام» دېگەن سۆزنىڭ مۇبارەك زاتنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ سۈپىتىدۇر. داموللامنى يەنە «ئابدۇقادىر ئەزىزى» دەپمۇ ئاتايدۇ.«ئەزىزى» دېگەن سۆز «ھۆرمەتلىك» دېگەن سۆز بولۇپ، كىشىلەر داموللامنى ئىززەتلەپ مانا مۇشۇنداق ئاتىغان. كېيىن بۇ سۈپەت داموللامغا بەكمۇ ياراشقان لەقەم بولۇپ قالغان. بەزىدە يەنە باشقىلار ئىلمىي كىتابلىرىدا «ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس كاشغارىي» دەپمۇ يېزىشقان. سەن بۇلارنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا! مەن ساڭا داموللامنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ قولىمىزدا بار ئەسەرلىرى ھەققىدە ساۋات بېرەي. ئۇنى ئۆگىنىش، ئۇنى چۈشىنىش، چۈشەنگەنلىرىڭنى ئەمەلدە ئىشلىتىش ئۆزۈڭنىڭ پېئىل، مەيلىڭگە باغلىق، ئوغلۇم.

# هايات چەكلىك، هاياتىيلىق چەكسىز

هايات بىلەن هاياتىيلىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەندە، هايات هاياتىيلىقنى مەنىگە ئىگە قىلىدىغان ۋاستە. هاياتىيلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن هايات بولۇش لازىم. هاياتىيلىق هاياتقا تايىنىپ جىسمانىيەتكە مەنە بېرىدىغان مۇھىم رىشتە. هاياتسىز هاياتىيلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغانغا ئوخشاش، هاياتىيلىقسىز هاياتقا مەنە ۋە ئېنىقلىما بېرىش بەسى مۈشكۈل. هايات هاياتىيلىقى بىلەن ئۆزىگە مەنە بېرىدۇ. سېنىڭ ياخشى ئاتاققا مۇشەررەپ بولۇشۇڭ ياكى يامان ئاتاققا قېلىشىڭ ياكى بولمىسا، هاياتىڭدىن نىشانسىز ئاجراپ كېتىشىڭ هاياتىڭغا هاياتىي كۈچ بەخش ئېتەلىگەنلىكىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، هاياتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئەبەدىيلىك هاياتقا ئىگە. يەنە شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى دەۋرداشلىرىدىن ئۇزۇن هايات كەچۈرگىنى بىلەن رەزىللىكى بىلەن هاياتلىق يولىدا لەنەتگەردىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىپ، ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرىنى هاياتىدىن ئۇزۇن لەنەتكە قالدۇرىدۇ. يەنە شۇنداق هاياتمۇ باركى، دۇنيادىن نام - نىشانسىز، شەپە - شاۋقۇنسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئادەملەرگە بۇنداق هاياتنى بەخش ئېتىشى تەندۇرۇس، بېجىرىم هالەت، ساغلام ئەقىل - ئىدراك ۋە سەزگۈر ھېس - تۇيغۇنى ئۆز يولىدا قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، قانچىلىك هايات تۇرىدۇ، دېگەننى ئىمتىهان قىلىش بولسا كېرەك.

مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام مانا مۇشۇنداق هايات ئۆتكەللىرىدە هاياتىغا ئىزگۈدىن مەنە بېرىپ، خەلق قەلبىدە ياخشى نام - نىشانى بىلەن هاياتىدىن ئۇزۇن ياشىغان مەدەنىيەت جەڭچىسى. ئۇ ئاتۇشىنىڭ

مەشھەت يېزىسىدىكى ئابدۇۋارىس ئىسىملىك مەرپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيە 1271 ـ يىلى (مىلادىيە 1854 ـ 1855 ـ يىللىرى) تۇغۇلغان. ئۇ باللىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن. باشلانغۇچ مەلۇماتىنى مەشھەتتىكى مەشھۇر «ھەزرىتى سۇلتانىيە» مەدرىسىسىدە ئالغان. مەشھەت دېگەن يۇرت مەشھۇر قاراخانىيلار خاقانلىرى ئارىسىدا سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ دەۋىتى ۋە يول باشلىشى بىلەن تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىي دەپنە قىلىنغان جاي بولۇپ، تارىختا بۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرى بۇ ئىككى زاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ جايغا قەبرىگاھ، كاتتا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنى بىنا قىلغان. كېيىنكى ئەللامە، ناتىق، ئەدىب، موللىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ مەدرىسىدە ئوقۇپ، دەسلەپكى بىلىمنى جۇغلىغان. ئابدۇقادىر داموللام 15 ياشقا كىرگەندە قەشقەر شەھىرىدىكى مەشھۇر بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە» گە ئوقۇشقا كىرگەن. «خانلىق مەدرىسە» شۇ چاغدىكى داڭلىق مەدرىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كاتتا، تونۇلغان ئالىم، ئۆلىمالار مۇدەررىسلىك قىلغان. مۇدەررىسلەرنىڭ ئەتراپلىق بىلىم بېرىشى، ئۆزىدىكى ئىلىمگە بولغان ئىشتىياق ئۇنى تېزلا تونۇلغان تالىپقا ئايلاندۇرغان. كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆز خىراجىتى بىلەن شۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسىسى» گە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆز زامانىسى ئۈچۈن ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان ئىسلام ئەقىدىلىرىنى پىششىق ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، ئىلمى تەجۋىد، ئەقائىد، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى مەنتىق، ھېساب قاتارلىق پەنلەردىنمۇ ئەتراپلىق بىلىم ئالغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ۋە پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

ئوغلۇم، ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىر تىل بىلگەن ئادەم بىر ئادەم بولسا، ئىككى تىل بىلگەن ئادەم ئىككى ئادەم ھېسابلىنىدۇ. نىمە

ئۆچـۈن دېگـەندە، ئىككـى تىـل ئىككـى مىللـەت ياكى ئىككـى خىـل مەدەنىيەت دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىر تىل بىلگەن كىشى بىر تىل بايان قىلغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن خەۋەردار بولسا، ئىككى تىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىل بىلگەن ئادەم ھەسسىلەپ ئارتۇق بىلىمگە ئىگە بولـۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇنداق كـۆپ خىـل تىلنى پات پۇرسەت ئىچىدە مۇكەممەل ئىگىلىشى ئۇنىڭ شـەيئى ۋە ھادىسىلەرگـە بولغـان چۈشـەنچە ۋە تونۇشـىنى ئۇزلۇكسىـز يېڭىلاپ، دۇنيا قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. مەدرىسە كۇتۇپخانىلىرىدىكى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئالىم ـ ئۆلىماالارنىڭ كىتابلىرىدىكى ئىلغار ئىدىيىۋى پىكىر، يۇكسەك دەرىجىدىكى جەلپكارلىق روھ بولغۇسـى ئەدىبتە دەسلەپكى قەدەمدە ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەس بىخلىرىنى كۆكلەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇخارادىكى ئوقۇش داموللامدا شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە بولغان چۈشەنچە ۋە تونۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، دۇنيا قارىشىدا ئۇزلۇكسىز يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئويغاتقان. ئۇ ئۆزىدە ئويغىنىۋاتقان روھىي ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە بۇخارادىن ئەينى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان سەمەرقەنت، ئۇفا قاتارلىق كاتتا شەھەرلەرگە يۈتكىلىپ، بۇ يەرلەردە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش بىلەن يەنە بىر تەرەپتىن بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇ «ئەقائىدى زەرۇرىيە»، «ئىباداتى ئىسلامىيە» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. بۇ كىتابلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇفادا نەشىر قىلىنغان بولۇپ، شۇ دەۋرلەردىكى مەدرىسىلەردە دەرسلىك ماتېرىيال كەمچىل بولۇش ھالىتىگە بەلگىلىك تولۇقلىغۇچى بولۇش رولىنى ئوينىغان[1]. ئابدۇقادىر داموللام كېيىن تاشكەنت، خوجەنت، قازان، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولۇپ، 1907 ـ يىلى

[1] ئابدۇرېھىم سابىت: «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى، 4 ـ بەت.

ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن.

بۇ ۋاقىت قەشقەردە يېڭىچە پەننىي مائارىپ بىلەن فېئوداللىق كونىچە مائارىپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش يۈز بېرىپ، زور دەرىجىدىكى ئىسلاھات يولغا قويۇلۇۋاتقان، يېڭىچە پەننىي مائارىپ قوللاشقا، مەدەت بېرىشكە موھتاج بولۇۋاتقان بىر مەزگىل بولغانىدى. سىرتقى ئەللەردە يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا زور ئىشەنچ بىلەن قارىغان ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە پەننىي مائارىپنى جان ـ دىلى بىلەن قوللاپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، دەرسلىك ماتېرىيال قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى يولغا قويۇلۇۋاتقان پەننىي مائارىپنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئومۇمىي يۈزلىنىشكە لايىقلاشتۇردى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇ «سەرپ ـ نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «تەسھىلىل ھىساب» (ھېساب ئىلمى)، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىد جەۋھەرىيە» (نېگىزلىك ئەقىدىلەر)، «مۇتالىئە ھىدايەت» (باشلامچى ئوقۇشلۇق)، «بىدايەتۇس سەرپ» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس )، «ھىدايەتى نەھۋى»، «تەلىمى سەبىيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، «نەسايىھۇل ئەتفال» (ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەتلەر) قاتارلىق تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان نەزەرىيىۋى، ئىلمىي كىتابلارنى يازدى ۋە ئۇلارنى شۇ دەۋردىكى ئىلغار مەتبە «مەتبەئى خۇرشىد، مەتبەئى نۇر» ناملىق مەتبەدە باستۇردى. بۇ كىتابلار ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرگەن مەزمۇنىنىڭ موللىقى بىلەن شۇ دەۋردىكى پەننىي مائارىپ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوقۇتۇش قورالىلىق رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى جەھەتتە كەم بولسا بولمايدىغان موھىم قورالى بولۇش رولىنى ئوينىدى.

ئابدۇقادىر داموللام مائارىپنىڭ ئالدىنقى سېپىدە دەرسلىك ماتېرىيال تۈزۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى

يەنە بىۋاستە مەدرىسىلەردە مۇدەررىسلىك قىلىپ، دەرسلىك ماتېرىياللارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىنى بىۋاستە سىناقتىن ئۆتكۈزدى. ئۆتتۈلگەن بىر يۈرۈش دەرسلىك ماتېرىياللار ۋە يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى شۇ دەۋردىكى يېڭىچە مائارىپ قارشىدىكىلەر ۋە تالىپلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ مائارىپتىكى ئىسلاھات ئىدىيىسى ئۇنىڭ داڭقىنى تەرەپ - تەرەپكە تاراتتى. بۇ ھال شۇ دەۋردىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ ھەسەتنى قوزغىماي قالمىدى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامنى «جەدىت» ۋە «دەھرى» دەپ ئەيىبلەپ، خەلق ئارىسىغا بولمىغۇر ئىغۋالارنى تارقاتتى. ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ يېتەلمىگەن، زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلىيالمىغان بىر قىسىم كىشىلەر پىتنىچىلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ كەتتى. نەتىجىدە ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېڭىلىق ياراتقۇچى، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر زاتلار جاھىللىق، نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ پات پۇرسەت ئىچىدە ئوڭلانمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ يەتكەن ئابدۇقادىر داموللام ھەجگە بېرىشنى باھانە قىلىپ يەنە بىرقېتىم ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى[1]. ئۇ 1918 - يىلى 64 ياشلارغا بېرىپ قالغاندا تاشكەنتكە، ئاندىن شەمەي، ئۇفا، قازان، ئورال، تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۇ يەرلەردە بىر مەزگىل ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن، مەككىگە يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. كېيىن مىسىرغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئالىم ۋە ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشتى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شۆھرىتى ۋە ئىناۋىتىدىن خەۋەردار مىسىر ئالىم ۋە ئۆلىمالىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى كاتتا ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا يۈكسەك باھالارنى بېرىشتى. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مىسىردا ئىلمىي سۆھبەتتە بولغان تاتار

[1] ئابدۇربېھىم سابىت.«ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 - يىل نەشرى 6 - بەت.

www.uyghurkitap.com

خەلقىنىڭ تارىخ ئالىمى زاكىر قادىرى 1951 - يىلى ئەينى چاغدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي سۆھبەتتە ئالغان تەسىراتىنى بايان قىلىپ: «ئابدۇقادىر داموللام ئىسلام دۇنياسىدا تەڭدىشى ئاز تېپىلىدىغان، يېتىشكەن زور مۇتەپەككۇر ۋە مۇسلىھ (ئىسلاھاتچى)، مۇجاھىد (كۈرەشچى) بۈيۈك ئالىم ئىدى» دەپ باھا بەرگەن[1].

ئابدۇقادىر داموللام 1920 - يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەييارتاپ ئەمەلدارلار، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار سوپى، ئىشانلار، ئاچ كۆز، تويمىغۇر بايلارغا قارشى ھەققانىي كۈرەشنى يېڭىۋاشتىن باشلىدى. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ، تۇزگەن سىياسەت، پەرمانلىرىنىڭ خەلق مەنپەئىتىدىن ناھايىتى يىراقتا ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تونۇتۇپ، ئۇلارنى خەلق مەنپەئىتىگە كۆيۈنۈشكە، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشقا دالالەت قىلدى. ئۇلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئايىماي سۆكۈپ تاشلاپ، ھەق ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئۈندىدى. لېكىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قىلغان ۋەز - نەسىھەتلىرى، كۆيۈنۈشلىرى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنۇتقان، جاھىل كۈچلەر ئۈچۈن ھېچنەرسىگە ئەرزىمىدى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەسەبىيلىك دەپ بىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەتلەرنى توقۇشتى، ھەر خىل بولمىغۇر پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىشتى. ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن باشقىلارنى سېتىشتىن يانمايدىغان، جاھىل، مۇتەئەسسىپ، نادانلارغا قىلغان تەربىيە ۋە نەسىھەتنىڭ ھېچ نەرسىگە كار قىلمىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئابدۇقادىر داموللام قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەستىن، خەلق ئاممىسى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئويغىتىش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، يېڭىچە پەننىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇ مەشھۇر

---

① ئابدۇرېھىم سابىت.«ئىلىم ئۆلمەيدۇ،ئالىم ئۆلمەيدۇ» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 - يىل نەشرى7 - بەت.

ھېيتگاھ جامەسىدە ھەر كۈنلۈكى ناماز دىگەر ۋاقتىدىن شامغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەمرى ـ مەرۇپ ۋە مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقنى ئويغىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. قازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەق ـ تەلەپ، دەۋا ئىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن ئىشلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۇلغايتىش بىلەن بىرگە، باشقا مەنسەپدارلارغا مەنسەپنىڭ رولىنى ئەمەلىي رەۋىشتە تونۇشتۇرۇپ قويدى. زامانىسىدىكى ئىلغار كۆزقاراشقا ئىگە سودىگەر، بايلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىلغار پىكىرگە ئىگە 52 نەپەر ياشنى گېرمانىيە، فرانسىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقاردى[1]. ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئىلغار پىكىرگە ئىگە زىيالىيلارنىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندى. ئۆزىمۇ ياشلارغا بولغان تەربىيىنى بوشاشتۇرماي ئىزچىل تۈردە ياخشى تۇتۇپ ھەم دىنىي ھەم يېڭىچە پەننىي ئىلىملەردىن خەۋەردار بولغان بىر بۆلۈك ئىلغار زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا شۇ چاغلاردا قەشقەردە توقام مەدرىسىسى، ۋاڭلىق مەدرىسىسى، خانلىق مەدرىسىسى ۋە ھېيتگاھ مەدرىسىسى قاتارلىق ئىلىم ئورۇنلىرى تېخىمۇ زورىيىپ ۋە گۈللىنىپ، ياشلارنى يېڭىچە ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرىدىغان ئىلىم بۆشۈكىگە ئايلاندى. ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئىلىم خۇمارلار بۇ ئورۇنلاردا ئىجتىھات بىلەن ئىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىنى يېڭىچە بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە داڭلىق ئىلىم ئىگىلىرىگە ئايلاندى.

ئابدۇقادىر داموللام مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈپلا قالماستىن، جەمئىيەتكە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىپ يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ھالىنى كۆزەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالەتكە گىرىپتار بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى

---

[1] ئابدۇرېھىم سابىت. «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى 8 ـ بەت.

ھۇرۇنلۇق، مەرپەتسىزلىك ۋە يوقسىزلىقتىن ئىزدەپ، ئۇلارنى بۇ ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇ يېغىلغان ئۆشرە، زاكات، بايلارنىڭ سەدىقە، ئېھسانلىرى ۋە ئىسقات قاتارلىقلاردىن كەلگەن پۇللارنى تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ئاجىز، پىقىرلەرگە ئۇلەشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى كۈنگە ئۇلىشىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، قەشقەردە «مەتلەئىل ھىدايەت» نامىلىق مەكتەپ تەسىس قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆزى باشقۇرۇپ يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىلىم ئەھلىنى قوللاپ، ھەق - دىيانەتنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىش روھى زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغان ئىدى. ئالىم تەجەللى ھەزرەت:

مەن زىكرۇھۇفىي مىقئۇەلي ۋە ۋىدا دۇھۇ،
فىي خاتىرەىي ۋە خەيالۇھۇ فىي نازىرىي.
بەشە رۇن ئەرا ھۇررۇھە ئىللا ئىننەھۇ،
جەبەلۇن ۋەلاكىن بەھرۇ فەزلىن زاخىرى.
ئەلئىلمۇ ۋەتتەقۋا ھەلغا نەفسەھى،
لىلاھى زۇھەيلىن ۋە سەۋبىن فاخىرى.

(ئۇ بولسا — تىلىمدىن گەپ - سۆزى، خاتىرەمدىن دوستلۇقى، كۆزۈمدىن خىيالىي يىراق بولمايدىغان ئەڭ يېقىن بۇرادىرىمدۇر.ئۇنىڭ سىرتى ئىنسان بولغىنى بىلەن، ئۇ نازۇكلۇقتا روھقا، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلمىنىڭ موللىقىدا دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئىلىم - پەن ۋە تەقۋادارلىق ئۇنىڭ ئايرىلماس دوستى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى زىننەتلىك كىيىم كىيىشى ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈندۇر.)[1] دەپ يېزىپ،

[1] ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»3 - توم.شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى1993 - يىل 848 - بەت.

ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بۇ تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇنى مۇئەييەنلەشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

مۇشۇ چاغلاردا قەشقەردە ئەنگلىيە، شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرى ئۆز ئالدىغا دوختۇرخانا، مەكتەپ قاتارلىقلارنى ئېچىپ، يېتىم، يېسىرلار، كەمبەغەل ـ نامراتلارنىڭ كېسەللىنى داۋالاش، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش باھانىسى بىلەن ئۇلارغا كاتولىك دىنىنى تارقىتىپ ئۇلارنى بۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىدى. ئۇلار يەنە بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ مەتبەئەلىرىدىن پايدىلىنىپ، «ئىنجىل» نى كۆپەيتىپ بېسىپ تارقىتىپ، كاتولىك دىنىنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ ھال قەشقەردىكى بىر بۆلۈك ئىلغار دىنىي زىيالىيلارنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمىدى. ئابدۇقادىر داموللام بۇ مەسىلىگە ناھايىتى جىددىي قاراپ، شۇ دەۋردىكى بىر بۆلۈك ئىلغار دىنىي زىيالىيلار بىلەن مۇستەھكەم بىر سەپ تۈزۈپ، شۋېت دوختۇرخانىسىنى تاقىۋەتمەكچى، شۋېتلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇشتى ۋە شەھەردىكى ھەرقايسى مەسچىتلەرنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ ئاممىنىڭ كۈچى بىلەن شۋېتلارنىڭ ۋاكالەتخانىسىغا ھەيۋەت بىلەن باستۇرۇپ كىردى. غەزەپلەنگەن ئامما ئۆي ـ ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، كاتولىك دىنى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ۋە «ئىنجىل» نىڭ كۆپەيتمە نۇسخىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. مەتبەئەلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ ئىشلار شەھەردىكى نۇرغۇنلىغان ئاممىنىڭ قوللىشىغا، مەدەت بېرىشىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشتا ئاساسىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىكنى ئۈستىگە ئالغان ئابدۇقادىر داموللامغا نىسبەتەن يامان نىيەتتە بولۇۋاتقان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، شۋېتلارنى ئارقا تىرەك قىلىپ چەت ئەل سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم بايلارنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى. بۇ ئىش سەۋەبى بىلەن ئابدۇقادىر داموللام باشلىق 30 غا يېقىن كىشى شۇ دەۋرنىڭ دوتيىي جۇرۇيچى تەرىپىدىن 40 كۈن قاماققا سولاندى.

ئابدۇقادىر داموللام تۈرمىدىن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلار چەت ئەللىكلەرگە مەسلىھەت بېرىپ ۋە ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سۇيىقەست پىلانلاپ، ھىجرىيە 1342 ـ يىلى (مىلادىيە 1923 ـ 1924 ـ يىللىرى) ماھى مۇھەررەمنىڭ 1 ـ كۈنى سەيشەنبە (8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى) كېچىدە ئۆز ئۆيىدە باشقىلار تەرىپىدىن ياللانغان قاتىل ئارقىلىق مەخپىي رەۋىشتە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شۇ چاغلار مەرھۇمنىڭ 69 ـ 70 ياشلارغا يېتىپ قالغان ۋاقىتلىرى ئىدى. [ئابدۇقادىرداموللامنىڭ قەتلى قىلىنغان كۈنى ھەققىدە سۈرىيە دەمەشىقتە ھىجرىيە 1391 ـ يىلى بېسىلغان «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇنداق بىر ئېنىق بايان بېرىلگەن: «داموللام ياز ۋاقتىدا شەھىد بولغانلىقى ھەم مۇسەببەتتۇر. چۈنكى، مەشھۇر ئالىم ۋە ئەدىب شەمسىددىن داموللا ھاجىمنىڭ ئابدۇقادىر داموللام شەھىد بولغان كۈنى ھويلىسىدا ئېچىلىپ تۇرغان ئانار دەرىخىگە قاراپ تۇرۇپ خىتاب شەكلىدە: «ئايا شەجرى رۇممان مالىكە نەزىرىتەن،كى ئەنتىكە لەم تەجەزئى ئەلە ئىبنى ۋارىسى» (ئەي، ئانار دەرىخى، شۇنچە يىللار كۆكىرىپ، گۈزەل تۇرۇپسەن. ‹بۇگۈن› ۋارىس ئوغلى ‹ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ› ئۈچۈن چۈمگەندەك تۇرسەنغۇ؟!) دەپ باشلىنىدىغان ئۇزۇن مەرسىيىسى ھادىسىنىڭ ياز ۋاقتىدا بولغانلىقىنى ئەسجىل قىلادۇر» دېيىلگەن.]

ئۇ كۈندىكى مۇسىبەت گويا قەشقەردە قىيامەت بولغاندەك بولدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپات بولغانلىق ئەھۋالى سەھەردە سېزىلگەندىن كېيىن، بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتكۈل شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا ئاڭلاندى. پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ يۈرىكى ئەلەمدىن مۇڭلاندى. قاتىلغا بولغان غەزەپ ـ نەپرەت ئۇچقۇنى كۆزلەردىن چاقنىدى. شەھەر سودىدىن، يېزا ئىشلەپ چىقىرىشتىن، كارخانا، ھۈنەرۋەنلەر ئىشتىن، مەكتەپلەر ئوقۇشتىن توختاپ، پۈتكۈل جامائەت بۇ مەدەنىيەت جەڭچىسىنىڭ ئېغىر مۇسىبىتىگە چۆمدى. چۈشكە يېقىن داموللامنىڭ جەسىتى ھېيتگاھ جامەسىگە كەلتۈرۈلدى. كىمخاب يېپىلغان تاۋۇت مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا مەرھۇمنىڭ

جەستتنى قوينىغا ئېلىپ سۈكۈتتە تۇردى. ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىچى - سىرتى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. خەلقنىڭ ھازىسى ئاسمان - پەلەكنى قاپلىدى.

ئەھمەت ئەلەم كۆز يېشىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتتى. ئىككى ئوتتۇرىنى ئۆزۈنغىچە جىملىق قاپلىدى. ئۆي ئىچى تىپتىنچ. ئەھمەد ئەلەم كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە بىر ھازا سۈكۈتتە تۇردى. رۇستەم خېلىدىن بېرى توختىماي يىغلاۋاتقان ئىدى. ئۇ قولياغلىقىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ مىشىلدىغىنىچە ئۇستازىنىڭ ئالدىغا تىزلاندى. ئەھمەد ئەلەم شاگىرتىنىڭ نېمە دېمەكچىلىكىنى، نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئالىقىنى بىلەن رۇستەمنىڭ بېشىنى سىلىدى. كۆڭلىدە ئۆنىڭغا تەسەللى بەرگۈسى كەلدى - يۇ، ئۆزىنىڭمۇ بۇزۇلۇۋاتقان كۆڭلىنى توختىتىۋالمايۋاتاتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇنغىچە يۇم - يۇم يىغلاشتى. رۇستەمنىڭ ئېسەدەشلىرىدىن، ئىچ - ئىچىدىن بۇغىنۇقۇپ يىغلاشلىرىدىن ئەلەمنىڭ قوللىرى تىترەيتتى. كۆز ئالدىدىن پەقەتلا نېرى كەتمەيۋاتقان ھازا ئەھلى، ئادەم دېڭىزى ئۈستىدە يەڭگىل چايقىلىپ مېڭىۋاتقان كىمخاب تونلۇق تاۋۇت، تاۋۇت ئالدىدا بېشىغا ئاق بالداقتەك سەللە ئوراپ ماڭغان ھازىدارلار، رىتىملىق ئوقۇلغان ماتەم قوشاقلىرى...ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئۆتۈۋاتماقتا ئىدى. ئۇ مۇشۇ ھالەت، ئاشۇ جەريان ۋە مۇشۇ ئىخلاسلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىنى ھاياتىيلىقتا ئىگە قىلغان مەشھۇر زاتقا بولغان ھۆرمەت، ئەقىدىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ھاياتنى قانداق مەنىگە ئىگە قىلىش، ھاياتىي تۇيغۇ بىلەن ھاياتقا ئۇمىدلىنىپ قاراشقا ئادەتلىنىشنىڭ ھاياتنى ئىزگۇ مەقسەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىگە تەسەللى بەردى - دە، رۇستەمنى بەزلەشكە باشلىدى:

— بولدى، بولدى، ھاياتىمدىن ئۆكۈنمەيمەن دېگەن كىشىنىڭ قانداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى، ئۆز

ھەربىكەتلىرى، مەقسەت ـ مۇددىئالىرى ئارقىلىق ھاياتىغا قانداق مەنە بېرىشنىڭ لازىملىقىنى بىلگەنسەن؟ ھەزرىتى شەيخ سەئدى:

«قۇدرەتلىك، بىلىملىك شاھ ھېچقاچان،
غەم يېمەيدۇ تۆھمەت بىلەن ئىغۋادىن.
پادىشاھلىق تاجى ھارام بولىدۇ،
خام پىكىرلىك بولۇپ ئۆتسە دۇنيادىن.»

دەپ كۆرسەتكىنىدە، بىلىمى ئارقىلىق ئۆزىگە شاھ بولغان ئىنساننىڭ نېمىلەردىن ھەزەر ئەيلەپ، نېمىلەرگە ئەھمىيەت بىلەن قارىشىنى كۆزدە تۇتقان. مەرھۇم داموللام ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلدى. ھاياتىيلىق دېگەن ھاياتىدىن ئۇزۇن ياشاش دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدىڭ. بەزىلەر ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ياشىسا، بەزىلەر ھاياتىيلىق ئۈچۈن ياشايدۇ. بۇلارنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا.

رۇستەم ئېسەدەشتىن توختاپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ ئۇستازىنىڭ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن، نەسىھەتلىرىدىن كىشىلىك ھاياتقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلگەندەك قىلاتتى. ئۇ بىر دەمدىن كېيىن ئۇستازىدىن سورىدى:

— مەرھۇم داموللام كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىپتىكەن ۋە يولغا قويۇپتىكەن. بۇ ئىككى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ قانداق پەرقى بار؟

— كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، — دېدى ئەھمەد ئەلەم، — ئىپتىدائىي مەكتەپكە كەلگەنلەرنى ئۇدۇللۇق بىر سىنىپقا كىرگۈزۈش، ئىلگىرى كەلگەنلەر ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەنلەردىن دەرس ئېلىش، بىر دەرسنى بىر ـ ئىككى يىل تەكرار قىلىش، يادقا ئېلىش، دىنىي دەرسلەر كۆپ بولۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوقۇتۇش بولۇپ، سۈرئىتى ئاستىراق بولىدۇ. يېڭىچە ئوقۇتۇش دېگىنىمىز، يىللىقلار بويىچە ئايرىپ ئوقۇتۇش، دەرسلىك ماتېرىياللىرى سىستېمىلىق بولۇش، پەننىي



www.uyghurkitap.com

بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇش، مەخسۇس مۇئەللىملەر بولۇش، قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىش، شارائىت يار بەرسە قىز ـ ئوغۇللارنى يىللىق سىنىپلار بويىچە ئايرىپ ئوقۇتۇش، ئوقۇشنى تاماملىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامىنى باشقىلارنىڭ «جەدىت» دەپ ئاتىشىدا مەرھۇمنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى كۆپەيتىش بىلەن بىرگە سۈرئىتىنى تېزلىتىش، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە بىلىملىكلەرنىڭ كۆپىيىشىگە شارائىت ھازىرلاش مەقسىتىنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى« يېڭىلىق ياراتقۇچى، تەرەققىياتچى» دېگەنلىك بولىدۇ. جەدىتلىك يولى ماھىيەتتە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ خەلققە مەرىپەتنى تونۇتۇش، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ جاھالەتتىن ئويغىتىش، شۇ ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى يېشىپ ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش يولى دېيەكمۇ بولىدۇ. داموللام يىراقتىكى شەھەرلەردە كۆپنى كۆرگەن، بىلىمى مول ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن چەت ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئارقىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ، تۇرمۇشنى موللاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىزمۇ ئادەم بولغاندىكىن مۇشۇ زېمىندىمۇ شۇنداق ئىشلارنى قىلىش تامامەن مۇمكىن دەپ بىلىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ئىلىم ئىگىلەش ئىكەنلىكىنى ئەلگە تونۇتۇش مەقسىتىدە ئەتراپىغا تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان. بۇ ئۇسۇل بىر قىسىم كونسېرۋاتىپلار، خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرسا باشقۇرۇشقا ئوڭاي، دەپ بىلگەن رەزىل ھۆكۈمدارلار، غەپلەتتە قالغان خەلقنىڭ ئەقىدىسىنى ئوغرىلاپ، تۈرلۈك شەكلەن ياخشىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن خەلقنى يات ئەقىدىنى قوبۇل قىلىشقا قىزىقتۇرۇۋاتقان مىسسىئونېرلار (دىن تارقاتقۇچىلار) ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىقىدا سودا شېرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم پۇلخۇمار بايلارنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى قىلغانلىقى ئۈچۈن داموللامنى «دەھرى، جەدىت» دېگەن بەتناملار بىلەن ئەيىبلەپ، بىر ئازغۇننى

قۇترىتىپ، ئۇنىڭغا پۇل خەجلەپ، داموللامنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. داموللام ۋاقىتسىز بىزدىن ئايرىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسى، ئادەم بولۇش ھەققىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۇيىرازىنى قەلبىمىزدە ھاياتىيلىققا ئىگە قىلدى. سەئدى ھەزرەتلىرى:

«ھەر كىشىكىم ئەلگە ئېھسان ئەيلىسە،
ئەل رەھمىتى كەم بولمايدۇ ئۇلاردىن.
ئۇلۇغ تۇرۇپ ياخشى نامى قالمىسا،
ئۆلدى، پۈتتى، تۈگەيدۇ ئۇ دۇنيادىن!»

دېگەن. داموللامنىڭ ئېھسانى مەڭگۈ تۈگىمەس، خورىماس ئېھسانكى، ئۇنىڭ ئىككىلا دۇنيادا ساۋابى ۋە رەھمىتى زىيادىدۇر.

— ئۇستاز، مەرھۇمنىڭ شۇ ئىككى دۇنيالىق ئېھسانلىرىدىن ماڭىمۇ ئازراق نېسىۋە تېگەرمۇ؟

— تەگمەمدىغان، نېسىۋە ئېلىشنى خالىساڭ، نېسىۋە سەندىن ئايلانسۇن. مەن ساڭا مەرھۇمنىڭ ئېھسانلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتەي، — دېدى ئەلەم رازىمەنلىك بىلەن كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ.ئۇ رەتلىك تىزىلغان كىتابلار ئارىسىغا تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇ بۇ كىتابلارنى قەلب ئۆيىگە ئەقىل شامىنى ياققان يىللىرىدىن باشلاپ يىغىپ، ئوقۇشقا، ئۇنىڭدىن دۇرلارنى تىزىپ، ئەھلى بوغۇنلارنىڭ قەلبىگە چاچقۇ سۈپىتىدە چېچىشقا ئادەتلەنگەنىدى. شۇڭا، ئۇ كىتابلىرىنى كۆز گۆھىرىدەك بىلىپ ئاسرايتتى. ئۇ كىتابلىرى ئارىسىدىن چوڭ بىر كىتابنى ئالدى - دە، ئالدىرىماي ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئەينى زاماندا بېسىلىپ چىققان ئەسەرلەرنىڭ جۇغلانمىسى ئىدى.

# ئىجاد ئۆلمەس، ئىزلار كۆمۈلمەس

ئۇلۇغ تەبىئەت ئادەمنى ھېس، تۇيغۇ، ئەقىل، ئىدراك ۋە سۆزلەشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنيادىكى بارچە جانلىقتىن ئۈستۈن ۋە مەرتىۋىلىك قىلدى، ھەر كىم مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان قىلدى.

ھەر كىم ۋۇجۇد سەھنىسىنى ئەقىل نۇرى بىلەن بېزەپ، ئۇ پەردە مېھنەت ئارقىلىق ئىدراك گۈلىنى ئېچىلدۇرىدۇ. شۇ گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى ئارقىلىق مەھبۇب شاخلىرى ئۈستىدە تىل بۇلبۇلىنى سايرىتىپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىدۇ. خەلق ئەقىلگە موھتاج. ئەقىل بولسا تەجرىبىگە موھتاج. چۈنكى تەجرىبە ئەقىلنىڭ ئەينىكى. داموللامنىڭ ئەسەرلىرى ئۇنىڭ كىشىلىك دۇنيا قارىشىنىڭ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى تەجرىبىلىرىنىڭ، كىشىلەرگە ئۆگەتمەك زۆرۈر دەپ قارىغان بىلىملىرىنىڭ جۇغلانمىسى. ئاي ئەتراپىدا يۇلتۇز گۈزەل كۆرۈنىدۇ. قاراڭغۇ تۈندە ئاي نۇرى بولمىسىمۇ يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى يولۇچىغا يول كۆرسەتكەندەك، بۇ كىتابلاردىكى ئىزگۇ خىتابلار ھەر بىر دىلغا روشەنلىك بېغىشلايدۇ، يول كۆرسىتىدۇ، ئەقىل ئۆگىتىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن كىشىلىكنى بىلىسەن. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا:

6575. كىشى ئاتى قالدى، يوقالدى كىشىلىك
قايان كەتتى كىشىلىك، كەينىدىن باراي مەن.

دىگەندە، گۇمراھلارنىڭ قەلب ئۆيدە ئىلىم شامىنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى، ئىلىمنى تونۇماسلىق سەۋەبلىك كىشىلىك ئەخلاقىنىڭ كىشىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىغا قايتۇرۇپ كېلىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان. چۈنكى، كىشىلىك ھايا ۋە ئەخلاق شۇ كىشىنىڭ، ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئىززىتى، ھۆرمىتى ۋە ئىناقلىقىنىڭ شارايىتى. ياخشى ئەخلاق، ياخشى خۇي، كەمتەرلىك ۋە ئىجادكارلىق ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئۆز قويىنىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە كۆرسەتكەن كاتتا ئىنايىتى، رەھمىتى. ئالىمنى ئۇلۇغلىماق، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق، ئۇنىڭغا ئىززەت كۆرسەتمەك ئەدەپ ۋە ھايا جۈملىسىدىن دېگەندە، ئالىمنىڭ كىشىلەرگە رەھنەما بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ئۆز ۋۇجۇدىدا بەقارار بولغان ئۇلۇغ، ياخشى خۇلقلىرىنى كىشىلەر ئارىسىدا ھەرىكەتتى ئارقىلىق جارى قىلىش، ياخشى سۈپەتلىرىنى زاھىر قىلىش ۋە ئۇنى كامالىغا يەتكۈزۈش، ئۇلگە ئارقىلىق ئىنسان ئەھلىنى ئادىمىيلىك يولىغا باشلاشتا ئېنىق كۆرۈلىدۇ. داموللام بىر ئۆمۈر ئىلىم بىلەن شۇغۇللاندى. بىر ئۆمۈر ئىلىم تەھسىل قىلدى. بىر ئۆمۈر ئىلىمنى كىشىلەرگە تارقاتتى. ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولماق ئەبەدىيلىك سائادەت ۋە مەڭگۈلۈك پاكلىقنىڭ رەھنەماسى بولغانغا ئوخشاش، ياخشىلارنىڭ دەۋىتى، مەسلىھىتى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتتە بولماق ئەتتارغا يولۇققانغا ئوخشاشتۇر. ئەتتاردىن گەرچە ئەتىر سېتىۋالمىسىمۇ، ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرسا خۇشبۇي ھىدىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ سەنمۇ مۇشۇ كىتابلارغا يولۇقتۇڭ. ئۆزۈڭنى ئەتتارغا يولۇققاندەك ھېس قىلىسەن. ئەتىرنىڭ خۇشبۇيى دىمىغىڭدىن كەتمىگەندەك، بۇ كىتابلاردىكى دۇردانىلەر ئەقلى ـ ھوشۇڭنى تازا قىلغاي.

ئابدۇقادىر داموللام ئەينى دەۋرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى، مەشھۇر پېداگوگى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇچى بۈيۈك ئەدىبىدۇر. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە خەلقىنىڭ دىلىنى ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ نۇرغۇنلىغان ئەمەلي

خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندىن سىرت، يەنە خېلى كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ خەلقىنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىنى قاندۇردى. ئەينى دەۋر ئوقۇتۇشىدا دەرسلىك كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ھەم مۇدەررىس ھەم دەرسلىك ماتېرىيال تۈزگۈچى بولۇپ نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ مەقسىتى ۋە ھەرىكىتى بىردەك بولغان ئۇلۇغ زات بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي مىراسلارنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرى: 1. «ئاقائىدى زەرۇرىييە»، 2. «ئىباداتى ئىسلامىييە»، (بۇ كىتابلار ئالىم سەمەرقەنت، ئۇفا قاتارلىق جايلاردا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا دەرسلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ يازغان ئەسەرلىرى ئىدى) 3. «سەرف نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، 4. «تەسھىلىل ھېساب» (ھېساب ئىلمى)، 5. «جۇغراپىيە ئىلمى»، 6. «ئاقائىدى جەۋھەرىيە» (نېگىزلىك ئەقىدىلەر)، 7. «مۇتالىئە ھىدايەت» (باشلامچى ئوقۇشلۇق)، 8. «بىدايەتۇس سەرف» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، 9. «ھىدايەتى نەھۋى»، 10. «تەلىمى سەبىيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، 11. «نەسايىھۇل ئەتفال» (ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بۇ كىتابلار ئالىم سەمەرقەنتتىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرسلىك ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ يازغان ئەسەرلەر ئىدى. يەنە 12. «نەسىھەتى ئامە»،13. «جاۋاھىرۇل ئىيقان» (ھەقىقەت جەۋھەرلىرى)، 14«ئىرشادىل مۇسلىمىن»، 15. «شەرھى ئامالى»، 16. «مىفتاھۇل ئەدەب» قاتارلىق ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى ۋە 17.«مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، 18. «مۇخەممەس» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان. «ئاقائىدى زەرۇرىييە» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئابدۇقادىر داموللام يەنە مۇھەممەد ئەل ئەۋفىينىڭ قەسىدىسىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۇستازلىرىدىن خالمۇراد تاشكەندى بۇ تەرجىمىنى كۆرۈپ مەزمۇنىنىڭ ئەسلىي كىتابتىن ياخشى چىققانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ مۇراد

www.uyghurkitap.com

خوجا ئاتلىق بىر كىشىنىڭ نامىدا نەشر قىلىپ تارقاتقان. ئالىمنىڭ مۇنداق قىلىشى كۆپ كىشىلەرنى ئىلىمدە ئىزدىنىپ يېڭى كىتابلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى كۆزلىگەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئىلھام ـ مەدەت بېرىپ ئۇلارنى مۇشۇ ساھەگە قىزىقتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. تەتقىقاتچى رەجەپ يۇسۇپنىڭ «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا ئۇ قولغا چۈشۈرۈلگەن قوليازما دىۋانىنىڭ ئىچىدە ئالىمنىڭ «مۇخەممەس» ۋە «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»ناملىق ئەسەرلىرىدىن باشقا بىر قىسىم پارچىلىرىنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم. ئالىمنىڭ بۇ ئەسەرلىرى شۇ دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قەشقەردىكى «مەتبەئى خۇرشىد، مەتبەئى نۇر» (قۇياش مەتبەئەسى، نۇر مەتبەئەسى)، قازاندىكى «مىللەت» مەتبەئەسى، تاشكەنتتىكى «غۇلامىيە» مەتبەئەسى قاتارلىق مەتبەئەلەردە بېسىلىپ كەڭ تۈردە تارقىتىلغان. رۇبائىيلىرى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «شەۋقى گۈلىستان» ناملىق چوڭ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكلىرى زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مەجمۇئەسى «شورا ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئەسەرلىرى قەشقەردىكى «مۇھەممەدىيە» مەتبەئەسى ۋە دەمەشىق، جىددە قاتارلىق شەھەرلەردىكى نەشرىيات ئورۇنلىرىدا نەشر قىلىندى. بىر قىسىم ئەسەرلىرى مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەلدۇر،
ئەگەر مىڭ يىل ئىبادەت قىلسا يەلدۇر.

بۇ مەشھۇر ئەقلىيە مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «ئاقائىدى زەرۇرىيە»نىڭ ئاساسى تېماتىكىسىنىڭ بىرى.ئەقىدىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ ئىخلاس بىلەن مەنداش كەلگەن بۇ سۆز سۆز ۋە ھەرىكەتتە دۇرۇس،توغرا بولۇپ،

نيــەت ـ ئىقبالىغا ياخشـى ئەمـەل ـ ھەرىكـەتتىن پـاياندار سېلىشـنى كۆرسـىتىدۇ. ئـادەمدە مـاددىي ئومۇرتقـا ۋە مـەنىۋى ئومۇرتقـا دەپ ئىككـى ئومۇرتقا بولىدۇ. ماددىي ئومۇرتقا ئادەم جىسمانىيىتىنى كۆتۈرۈپ،ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى مۇستەھكەم ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكۈچى ئەڭ مۇھىم ئەزا بولسـا، مـەنىۋى ئومۇرتقـا دېگىنىمىز، ئـادەمنىڭ مـەنىۋىيىتىنى تولغۇنلـۇق ۋە يۈكسـەكلىككە، ئالىيجانـابلىق ۋە بۈيۈكلۈككـە، ھايۋانىيلىقتىن روشەن ئايرىلغان ئادىمىيلىككە ئىگە قىلغۇچى مۇھىم قورال. سەن چوقۇم يا ئۇنىڭغا ئىشەن ياكى بۇنىڭغا ئىشەن، نېمىگە ئىشىنىشىڭ ۋە نېمىنى قوبۇل قىلىشىڭدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا قارىتا قەلبىڭدە بىر خىل ئىخلاس، ئەقىدە بولۇشى، ئىخلاس، ئەقىدە رىشتى بىلەن ئۇنى ۋۇجۇد شەجەرەڭگە مەھكەم باغلاپ تۇرۇشۇڭ، ئىخلاس، ئەقىدە سۆيى بىلـەن ئۇنـى داۋاملىـق سـۇغىرىپ ھاياتىيلىققـا ئىگـە قىلىـپ تۇرۇشۇڭ، ئىخلاس ـ ئەقىدە، مېھنىتىڭ بىلەن ئۇنى ئاسرىشىڭ لازىم. ئىخلاس، ئەقىدىدىن ئايرىلغان مەنىۋىيەت ئادىمىيلىكتىن يىراقلايدۇ. بۇ ئىخلاس، ئەقىدىدىن ئايرىلغان تەن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغانغا ياكى ئىخلاس، ئەقىدىدىن ئايرىلغان زىرائەت دان بەرمىگەنگە ئوخشاش بىر ئىش. پەرۋىش تاپمىغان، ئەقىدىدىن ئايرىلغان مەنىۋىيەت (مـەنىۋى تۈۋرۈكى بولمىغان جىسمانىيەت) بىر دۆۋە سېسىق گۆشكە ئوخشايدۇ. ئۇ ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتتەر. ئەمدى، ئاشۇ ئەقىدە مەنىۋىيەتنىڭ قايسى خىل ھالەتلىرىگە باغلىنىشى، مەنىۋىيەتنى قانداق پەرۋىش قىلىش، قانداق روناق تاپقۇزۇشى لازىم؟

ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئۆلچىمى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدەك يېقىن.ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىپ تۇرغان پەردە تۇخۇمنىڭ پوستى بىلەن ئېقىنى ئايرىپ تۇرغان پەردىدىنمۇ نېپىز، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان رىشتە قىلدىنمۇ ئىنچىكە. ئەگەر ئاشۇ پەردە يىرتىلىپ كەتسە، ئەگەر ئاشۇ رىشتە ئۈزۈلۈپ كەتسە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىلىشىپ، ياخشىلىق يامانلىققا ئايلىنىپ، ھايات ھاياتىيلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ. سەن بىر ئوچۇم سۇنى

www.uyghurkitap.com

چاڭگىلىڭغا ئىلىپ ئىچكىچە بولغان ئارىلىقتا چاڭگىلىڭدىن ئىبۇپ چۈشكىنى بۇلغىنىدۇ، ئىچكىلى بولمايدۇ. يەرگە چۈشمەي ئاغزىڭغا كىرگىنى سىنىڭ رىزقىڭ، پاكىز بولىدۇ.ئىخلاس، ئەقىدە ياخشىلىقتىن ئىبارەت مەنىۋى تۇيغۇنىڭ پەرۋىشكارى بولۇشى لازىمكى، يامانلىق، نەسلىك، پەسلىك ۋە قاباھەتنى گۇمران قىلىشقا ھەمىشە سەگەك تۇرۇشى لازىم.ئەقىدە مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، تەھقىقكى ۋۇجۇد گۈلشەنىدە رەزىللىك تىكەنلىرى كۆپىيىدۇ. ئەگەر ئەقىدە خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ئومۇمىي خىزمەتلەرنىڭ ھامىيسى، تەربىيىچىسى، پەرۋىشچىسى بولسا، ئۇ ھالدا ئىنساننىڭ مەنىۋىيەت باغچىسىدىكى سەر خىل گۈللەر ئاۋۇيدۇ. باغچا رەڭدار، كۆركەملىشىپ، باشقىلارنىڭ زوق، ھەۋىسىنى قوزغايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ قەلبىدە ھاياتقا بولغان تاتلىق سىزىم، ھاياتىيلىققا بولغان ئىزگۈ تىلەك باش كۆتۈرۈپ، ئادىمىيلەر سىپى مۇستەھكەملىنىدۇ. ئۇلۇغ شائىر ھەزرىتى نەۋائىي:

ھەر كىشىكىم تاپسا دەۋران ئىچرە جاھۇ ئىئتىبار،
كىم ئانىڭ زاتىدە بىدادۇ ستەم بولغاي قىلىق.
ياخشىلىق گەر قىلماسە، بارى يامانلىق قىلماسۇن،
كىم يامانلىق قىلماسە، قىلغانچە بار ئول ياخشىلىق.

(بەزىلەر بۇ زاماندا مەنسەپ ۋە ئورۇنغا ئىگە بولسا،باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق قىلمىسا، بىر ـ بىرىگە يامانلىق قىلمىسۇن. يامانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەر). دەپ يازغاندا، ئەقىدىنىڭ يامان ئىشلارغا باغلانماسلىقنى، يامان ئىشلارغا يار ـ يۆلەك بولماسلىقنى نەزەردە تۇتقان. ئەقىدە ياخشى ئەمەل، ياخشى سۆز، خەيرلىك ئېتىقادقا باغلىنىشى لازىمكى يامان ئىش، يامان سۆز، خەلق مەنپىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئېتىقادتىن يىراقلىشىشى لازىم. ئۇنى پەرۋىش قىلىش، ئاسراش، روناق تاپقۇزۇپ كۈچەيتىشنىڭ ئەمەللىرى سالىھلارغا ھەمراھ

بولـۇپ، ياخشـى ئىـش ـ ھەرىكەتلـەر بىلـەن مەشـغۇل بولـۇپ، ياخشـى كىتـابلاردىن، ياخشـىلارنىڭ ھەرىكـەت ـ سـۆزلىرىدىن ئۆرنـەك قوبـۇل قىلىپ، نىيەت، مەقسەتلىرىنى پاك تۇتماق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

داموللامىنىـڭ بـۇ مەشـھۇر ئەسـىرى «ئاقـائىدى زەرۇرىيـە» ئـەينى دەۋردىكـى مىللىـي مائارىپـنى راۋاجلانـدۇرۇش، دەرسـلىك ماتېرىيـال كـەمچىل بولـۇش مەسىلىسـىنى ھـەل قىلىـش مەقسـىتىدە يېزىلغان. بـۇ كىتاب دەسلەپ ئۇفادا باستۇرۇلۇپ، كـەڭ تـۇردە تارقىتىلغان. ئىككىنچى قېتىم قەشـقەر قـازانچى يـار بېشـى مەھەللىسـىدە مۇھەمـمـەت ئـاخۇن ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ «مەتبەئى مۇھەممەدىيە» ناملىق ياغاچ ئويما مەتبەسىدە 1345 ـ ھىجرىيىدە قايتا بېسىلغان ۋە كەڭ تارقىتىلغان.

ئـەينى دەۋردە قەشقەردە يېڭىچە پەننىي مائارىپـنى يولغا قويـۇش ۋە كـەڭ تـۇردە پـەننىي مەكتەپـلەرنى تەسـىس قىلىـش ھـەرىكىتى يۇقـىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئەمدىلـەتىن باشلىنىۋاتقان بۇ ھەرىكـەتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىدا دەرسلىك ماتېرىيال ھەل قىلىش مەقسـىتىدە يېزىلغـان بـۇ كىتـاب ھـەر قايسى مەسچىتلەر ۋە تالىپـلارغا كـەڭ تـۇردە تـارقىتىلىپ، مـەزمۇنىنى يادلاش تەلـەپ قىلىنغـان. كىتـاب مـەزمۇنى كـەڭ ئـاۋام تەرىپـىدىن قوبـۇل قىلىنىپ ئومۇملاشقان. كېيىـن مـەككىدىكى مۇھـاجىر مۇھـەممىدى يەركـەندى دېگـەن كىشـىنىڭ مەبلـەغ سېلىشى بىلـەن ھىجرىيىنىڭ 1389 ـ يىلى ماھى رەجەپتە مىسىردا قايتا بېسـىلغان. كېيىـن يەنـە ئېھتىيـاجنى قامدىيالمىغـانلىقى ئۈچـۈن، مـەۋلىۋى ئـابدۇرەھىم داموللا ھـاجىم ئـۆز خىـراجىتى بىلـەن قايتـا باستۇرغان. ئەينى دەۋردە بۇ كىتابنىڭ تىراژىغا يېتىدىغان بىرمۇ كىتـاب بولمىغـان. قولىمىـزدىكى بـۇ بىـز كۆرۈۋاتقـان نۇسـخا 1391 ـ ھىجرىيـە سۈرىيە دەمەشقتە بېسىلغان.

«ئاقائىدى زەرۇرىيە» قاراڭغۇ دىللارنى ئىلىم نۇرى بىلـەن يورۇتـۇش، جاھالەتكە خاتىمە بېرىپ، زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ ئىنسانىيلىق قەدرى ـ قىممـەتنى تولـۇق جـارى قىلـدۇرۇش مـەزمۇنى ئاساسـىدا يېزىلغـان.بـۇ كىتابنىڭ كەڭ تۇردە تارقىتىلىشى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىشى

www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا 70 ـ يىللارغىچە قايتا ـ قايتا بېسىلىپ تارقىتىلىشى ئەينى دەۋردە خەلق ئارىسىدا زور شۆھرەتكە ۋە قوللاشقا، قوبۇل قىلىشقا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

كىتاب سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 64 سوئال ۋە جاۋابتىن تەشكىل تاپقان.ئاپتور ئىجتىمائىي ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەردىكى زۆرۈر، ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەرنى سوئال شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا توغرا بىلەن جاۋاب بېرىش ئارقىلىق مەلۇم بىر مەسىلىنى ياكى مەلۇم بىر ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئاپتورنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى ئىچىدە ئىلىم ئۆگىنىش، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنى ساقلاش، ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ نېمىدىن كېلىدىغانلىقى، نېمىلەرگە ئەمەل قىلىپ نېمىلەردىن يىراق تۇرۇش ۋە ئۇنى توسۇشنىڭ لازىملىقى قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن زىچ بىرىككەن ھالدا، ئادەم ئۈچۈن ئىلىمنىڭ ئاش ۋە ناندىنمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئالىم مۇنداق يازىدۇ:

سوئال: ئىلىم تەلەپ قىلماق نېمە؟

جاۋاب: ئىلىم تەلەپ قىلماق خاھى ئەر كىشى خاھى خوتۇن كىشىگە پەرزدۇر. ئىلىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى سائادەتكە بائىستۇر (سەۋەبتۇر).

سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس نېمەدۇر؟

جاۋاب: ئىككى نەرسىدۇر.بىرى،جاھىل ۋە نادانلىق. ئىككىنچىسى، تەفرىق ۋە خىلاپلىقتۇر. ھەر قەۋم ۋە ھەر مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا بائىس نادانلىق ۋە نا ئىتتىپاقلىقتۇر.

ئالىم ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى ۋە ئومۇمىي ھالىتىگە نەزەر تاشلىغاندا مەرىپەتسىزلىكنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى، مەرىپەتسىزلىك تۈپەيلى نۇرغۇن خەلق ئېغىر تۇرمۇش پاتقىقىغا پېتىپ، روھىي زەئىپلىك ۋە تەندىكى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. مەرىپەتسىزلىكنى يوقاتمىغاندا خۇددى قۇمدەك چېچىلىپ، ئاخىر ئۆزگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى

تونۇغان. شۇڭا، ئۇ زامانىسىنىڭ ئالدىن كۆرەر كىشىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ:

سوئال: ئىززەت، ئابرۇي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟

جاۋاب: ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر، دەپ يېزىپ، مەرىپەتنىڭ نادانلىق ۋە زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ.

داموللامنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسى نېمىلەرگە باغلانغانلىقىنى، نېمىنى نىشان قىلغانلىقىنى بىلدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئەقىدىسى خەلقنى زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇنۇملۇك تەدبىرى مەرىپەت ئارقىلىق نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلانغان.

نادانلىق ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يامان،بەكمۇ ناچار ئىللەت. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر پەيلاسوپ ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە نادانلىق تۈپەيلى گۇمراھلىق يولىغا ماڭغان ئازغۇنلارنى ھەقىقەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن:

مۇھەببەتنى دەرياسىدە غەۋۋاس بولۇپ،
مەئرىفەتنى گەۋھەرىنى ئالغۇم كېلۇر.
تەرىقەتنى مەيدانىدا پەرۋاز قىلىپ،
ئول تۇبى دەرەختىغە قونغۇم كېلۇر.[1]

دەپ يازغان. ئۇ مەرىپەت ئارقىلىق نادانلىقنى يوقىتىش ئىستىكىنى ئۆمرىنىڭ مەقسىتى قىلىپ تاللىغان.شائىرنىڭ قارىشىچە، نادانلىق بارچە ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇنى تۈگەتمىسە، ئىنساننىڭ مەنىۋى ئومۇرتقىسى پاكلانمايدۇ. شۇنداقلا نادان كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولغان ئادەممۇ ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدۇ:

---

[1] «بۇلاق»ژۇرنىلى ئومۇمىي 16 ـ ساندىن ئېلىندى.

ئايا دوستلار، نادان بىرلە ئۇلفەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ ئۆلدۇم مانا.
توغرى ئايتسام ئەگرى يولغا بويىنىن تولغار،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىغە تويدۇم مانا.

نادان بىرلە ئۆتكەن ئۇمرۇڭ نارى سەقەر،
نادان بارسە دەۋزەخ ئاندىن قىلغاي ئەزەر.
نادان بىرلە دەۋزەخ سارى قىلماڭ سەفەر،
نادان ئىچرە خەزان يەڭلىغ سولدۇم مانا.[1]

«ئىلمى ھېكمەت ئالىملىرى دۇنيادىكى بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ تۈپ مەنبەسى نادانلىق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىكىسىغا ئوخشاش، دۇنيادىكى بارچە يامانلىقنىڭ ۋە رەزىللىكنىڭ باشلىنىشى نادانلىقتىن بولىدۇ. نادانلىق ئەۋج ئالغان زاماندا ياخشىلىقنىڭ ئۆمرىگە نۇقسان يېتىپ، نۇرغۇنلىغان ئالىيجاناب ئەخلاق ئىگىلىرى نادانلىقنىڭ بىگۇناھ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ.»[2] ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىر، پەيلاسوپلارنىڭ نادانلىق ھەققىدىكى تۇرمۇش خۇلاسىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، نادانلىقنى يوقاتمىغاندا، مىللەت زەبۇنلۇقتىن، خەلق قۇللۇقتىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن يەكۈنگە ئېرىشكەن. دېمەك، نادانلىق تۈپەيلى ئادەم بۇزۇلسا، مۇقەررەر يوسۇندا مىللەتمۇ بۇزۇلىدۇ. جاھىللىق بىلمەسلىكتىن كېلىدۇ، بىلمەسلىك، نادانلىق مەرىپەتسىزلىكتىن كېلىدۇ. ئالىمنىڭ بۇ خىل مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، ئىتتىپاقلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە رولى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ئەبەدىيلىك رېئال تەسىرگە ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

[1] «بۇلاق»ئومۇمى 14 ـ ساندىن ئېلىندى.
[2] «بۇلاق» 07 ـ يىل 3 ـ سان 64 ـ بەت.

ئەھمەد ئەلەم بىلەن رۇستەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەملىك جىملىق ھۆكۈم سۈردى. رۇستەم ئۇستازىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن بىر تۇرمۇش ھەقىقىتىنى چۈشەنگەندەك بولدى.ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا باش كۆتۈرگەن ئىلىم ئارقىلىق ئادىمىيلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھدىنى جارى قىلىشتا تېپىلغۇسىز بىر قولداشقا، مەسلىھەتچىگە ۋە يولداشقا ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇستازىنىڭ ئېيتقان، ئوقۇغان كىتابلاردىن خاتىرە قالدۇرۇش لازىم، دېگەن گېپى دەرھال ئېسىگە كېلىپ، ئۇستازىدىن سورىدى:

— ئۇستازىم، مەرھۇم داموللام بۇ ئەسىرنى نېمە ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە يازغان بولغىيتى؟ ئۆزى سوئال قويۇپ ئۆزى يەنە جاۋاب بېرىپ يېزىشنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

ئەھمەد ئەلەم شاگىرتىدىن بۇنداق سوئالنىڭ چىقىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.ئۇ كوڭلىدە: شاگىرتىم مەن بايان قىلغان مەزمۇنلارنى ئۆزلەشتۈرۈش، چىگىش مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولىدۇغۇ، يېزىقچىلىق تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى، ئويلىمىغان يەردە بۇ سوئالنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئۇ شاگىرتىنىڭ ۋۇجۇد تەختىدىكى يۈكسەك بىر شىجائەتنى كۆرگەندەك بولدى.ئۇنىڭ ئۈمىدۋارلىقىدىن سۆيۈنگەندەك بولدى ۋە جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— بۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭ تولىمۇ ۋاقتىدا بولدى. سوئال - جاۋاب شەكلى كلاسسىكلىرىمىز خېلى ئۇزۇندىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئېسىل بىر يېزىقچىلىق ئۇسۇلى. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئەينى دەۋردىكى ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىدە ناھايىتى پاساھەتلىك تىل دەپ قارىلىۋاتقان ئەرەب تىلى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى زېمىنىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان خاقانىيە تۈركچىسىنى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى)ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ھەر ئىككى تىلنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلاشتا

www.uyghurkitap.com

قوللانغان سۆزلۈكلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مىسال تەرىقىسىدە ئالغان شېئىرىي مىسرالاردا مانا مۇشۇنداق سوئال - جاۋاب شەكلى قوللىنىلغان. شۇنداق شېئىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. بۇنداق ئۇسۇل شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۇرپاننى مەركەز قىلغان بۈيۈك قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدە ياشاۋاتقان بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بەدىئىي ئەدەبىياتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. 27 پەردىلىك يىرىك سەھنە ئەسىرى «مايتىرى سىمىت» (مايتىرىنىڭ ئۇچرىشىشى)نىڭ ئىپادىلەش سەنئىتى مانا مۇشۇ سوئال - جاۋاب شەكلىدە بولغان. يەنە مۇشۇ تارىخىي دەۋردە ئۆزىنىڭ مەشهۇر شاھانە ئەسىرى شاھنىڭ ھۆرمەت - ئىززىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ، شاھنىڭ يېنىدا «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسىگە مۇيەسسەر بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىمۇ كۈن تۇغدى، ئاي تولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش قاتارلىق تۆت نەپەر پېرسوناژنىڭ دىئالوگ شەكلى ئارقىلىق ئومۇمىي مەزمۇن ناھايىتى روشەن ۋە ئاممىباب يورۇتۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي مەزگىللەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. مەشھۇر پەيلاسوپ ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ مۇنازىرىسى»، ئەھمەدىي ناملىق شائىرنىڭ «سازلار مۇنازىرىسى»، يۈسۈپ ئەمىرىنىڭ «بەڭ ۋە چاغىر مۇنازىرىسى»، يەقىنىي تەخۇللۇسلۇق شائىرنىڭ «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى»، نەۋائىينىڭ «لىسانۇتتەير» ناملىق ئەسىرى، مەھزۇن خوتەنىي ئاتلىق شائىرنىڭ «قوغۇنلار ئۆزئارا ھۆرمەت تالاشتى» قاتارلىق ئەسەرلەر شۇنداقلا يەنە داموللامنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان. سەن ئەدەبىياتنىڭ تىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدىغان بىر خىل سەنئەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى تۇرمۇشنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قايتا ئىنكاس قىلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسەن. تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىغا بولغان تەلەپ

ئەدىبتە ئۆزى كۆزەتكەن تۇرمۇشنى يىغىنچە بىر شەكىلدە ئىپادىلەش تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. مۇشۇ جەرياندا يازغۇچى تەپەككۇرى ۋە مۇلاھىزىسىگە تايىنىپ، ئوي - خىيالىدىكى تۇرمۇشنى مۇۋاپىق بىر شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرىش ئۇچۇن ئىزدىنىدۇ. بۇ خۇددى كىيىم لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ يىلسېرى يېڭى پوسۇن يەنى يىغىنچە كىيىم شەكىللىرىنى ئىجاد قىلغىنىغا ئوخشايدۇ. بىر خىل پوسۇن كىشىلەردە ئېستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلالمىغانغا ئوخشاش،ئەدەبىياتتىمۇ بىر خىل شەكىل مەزمۇننى ئىپادىلەشنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىسى بولالمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ پېرسوناژلىرى كۆپىنچە ئاز ۋە خاراكتېرى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، مۇنازىرىلەشكۈچى ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ يولدا ئارتۇقچىلىقى ئۈستۈن تەرەپ غەلىبىسى بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ سۇژىتى شۇ يوسۇندا تەرەققىي قىلىپ، كىتابخانغا مەلۇم بىر ھەقىقەتنى بوياق، رەڭسىز، ئۆز ھالىتى بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مەقسەتنى ئېنىق، دەل جايىدا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىك تەرىپىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. ئەگەر سەن كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىڭدە مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ بىرەر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئىستىسەڭ، ئىجادىي يول تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت.

رۇستەمنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ قەلبىدىكى بۇ نائېنىق سوئالغا خېلى قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشكەنلىكىدىن رازى بولغاندەك بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر

ئۇيقۇ دېگەن قانداقسىگە ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسى بولالايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن. ئۇيقۇنى ئادەتتە مۇنداق ئىككى مەزمۇنغا ئايرىشقا بولىدۇ.ئۇنىڭ بىرىنچى مەزمۇنى تەبىئىي ئۇيقۇ بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، تەننىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن نېرۋىلارنىڭ چارچىشىنى تۈگىتىدىغان، ئادەمگە بەلگىلىك يەڭگىللىك ۋە ھاردۇق بېغىشلايدىغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر مەزمۇندىكى ئۇيقۇ بولسا، سەگەكلىكتىن خالىي، تۇيغۇنلۇقتىن يىراق،ھېسسىياتسىز، تەنگە ھېچقانداق سىگنال ۋە لەززەت ئاتا قىلالمايدىغان ئۇيقۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.بۇنداق ئۇيقۇ ئادەمنى ھەممىشە تاشقى دۇنيادىن ئايرىپ، ھېسسىياتسىز مەخلۇققا ئوخشىتىپ قويىدۇ. ئۇنداق ئۇيقۇغا گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ ھېسسىياتى بولمايدۇ، مۇھەببەت - نەپرىتىمۇ ھەم بولمايدۇ. تەپەككۇر ۋە چۈشەنچىسىمۇ بولمايدۇ. ئەتراپىدا قانداق ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىشىنىمۇ خالىمايدۇ. بەرسەڭ يەيدۇ، بەرمىسەڭ كەچكىچە ئاچ يۈرۈشكە رازىكى،تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ جىسمى خۇددى ئۆلۈككە ئوخشايدۇ.شۇڭا ئالىملار بۇنداق ئۇيقۇنى ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى، دەپ ئاتىغان.بۇنداق ئۇيقۇ ئىلمىسىزلىكتىن، ئىزدەنمەسلىكتىن، ئۆزىنىڭ دۇنياغا ئادەم سۈپىتىدە تۆرىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ ئادەمدەك ياشاشنى بىلمەسلىكىدىن كېلىدۇ. بۇنداق ئۇيقۇدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىلىم ئۆگەنمەك، سالىھلارنىڭ مەسلىھەتىگە ئىشتىراك بولماق، ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىماق ۋە ئۇنى ئەمەلدە جارى قىلدۇرماق. سالىھلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق مەڭگۈلۈك سائادەت ۋە ئادىمىيلىك رولىنى

جارى قىلدۇرۇشنىڭ رەھنەماسىدۇر. زامانىمىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن خان ـ خاقانلىرىمىزنىڭ يېنىدا تېرەن پىكىرلىك، تەدبىرلىك، ئەقىللىق مەسلىھەتچىلەرنىڭ بولۇشى خەلقنىڭ يېتەكچىسى بولغان خاقانلارنىڭ ئاشۇلاردىن ياخشى مەسلىھەتلەرنى ئېلىپ،دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەش بىلەن باشقۇرۇشنى، ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشنى كۆزلىگەنلىكىدىن بولغان. خاقان ئوغۇزخاننىڭ يېنىدىكى مۇز چاچلىق بوۋاي ئۇلۇغ تۈرك، كۆك تۈرك خانلىقىدىكى دانىشمەن ۋەزىر بىلگە تونيۇقۇق، قاراخانىيلار خاقانى بۇغرا ئەلى ھەسەن سۇلايماننىڭ يېنىدىكى ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خانغا بولغان ساداقىتى بىلەن ئەمەس،بەلكى ئەل،ۋەتەننىڭ سائادىتىگە ساداقەتمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئېتىبارغا ئېرىشىپ، ھەم خاقان تەرىپىدىن ھەم يەنە خەلق تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان. ئۇلارنىڭ پادىشاھلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالالىشىمۇ ئاشۇ شاھلارنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشتا ئەدلى بىلەن ئادالەتنى دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ يۈكسەك مىزانى قىلغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا ئۇلار پازىل، ئالىملارنى ئۆز يېنىدىن ئايرىمىغان. مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىي ھەزرەتلىرى «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەتلەردىن مىسال كەلتۈرۈپ، «يۇنان مەملىكىتىدە ۋىلايەتلىرىگە ھاكىم بەلگىلەشتە ئىلىم ـ ھېكمەتتە ئۆلىما،پازىللاردىن ياخشىراق بولغان ياكى ئۆلىما ۋە ھۆكۈمالار نەزىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن (ھۆكۈمالارنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەن)، ھەكىملەرگە باش قويۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ئارقىلىق پەزىلەت تېپىپ، دىلىنى يورۇتقان كىشىنى مەملىكەتلىرىگە باشلامچى (سەركەردە) قىلىدىغان قائىدە بار» دەپ يازىدۇ.بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ھېچقاچان قىلىچى ئۆتكۈر، بىلىكى كۈچلۈكلەرنى ئەمەس، بەلكى ئەقلى ئۆتكۈر، پىكرى كۈچلۈكلەرنى سەركەردە قىلغان. نەسىھەتنى ئاڭلىغان، سۆھبەتكە قۇلاق سالغان كىشىلەرنىڭ دىلى يۇمشاق، تەجرىبىلىك ۋە تەدبىرلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئىلمىي سۆھبەت ۋە ياخشى نەسىھەتنىڭ كىشىگە بەرگەن تەسىرى

مۆلچەرلىگۈسىز كۈچلۈك ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ (ئەگەر قوبۇل قىلسا).

يازمىلارغا يېزىلغان، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ سۆز ـ نۇتۇقلىرىدا بايان قىلىنىۋاتقان تەجرىبە، مەسلىھەت، نەسىھەتلىرى ئۇزۇن ئۆمۈر، نۇرغۇنلىغان تىرىكچىلىك يوللىرى، ھايات ئاچچىلىرىدا دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ھاسىل قىلغان، ئېرىشكەن تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئادەم ئۆز تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆمرۈمگە مەنە بېرىمەن دېسە، ئۆمۈر مەقسەتنىڭ تولۇق ئادا بولۇشىغا يار بەرمەيدۇ. شۇڭا، ئۆلىمالىرىمىز چارە- تەدبىر بىلەن نۇقسانلاردىن خالىي بولۇشنىڭ، ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ شۇ ئارقىلىق چەكلىك ئۆمۈرنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلىشنىڭ يوللىرىنى تاپقان. بۇ چارىلەرنى كىتاب قىلىپ يېزىپ، كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان. شارائىت يار بەرگەندە جامائەتكە ئاغزاكى بايان قىلغان، ئوقتۇرغان، بىلدۇرگەن. كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، ياخشى ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ، باشلامچى بولۇشقا رىغبەتلەندۇرگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرىدىن دوستلۇق رىشتىنى ئۈزمىسە، ھاياتىدىن ھاياتىي مەنە قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ئويغانغان، ئورنىدىن دەس تۇرغان، نەسىھەتلەردىن ئۆز ئىستىپداتىغا ۋە ھىممىتىگە قاراپ ئەقىل ئۆگەنگەن، تەپەككۇر، مۇلاھىزىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، تېگىشلىك بەھرە ئالغان. دېمەك، ئۇلۇغلارنىڭ «باشقىلاردىن نەسىھەت ئالغان كىشى سائادەتمەندۇر» دېگەن كەلىمىسىنىڭ روھى بويىچە كىتابلاردىكى نەسىھەتلەرنى يەكدىللىق بىلەن قوبۇل قىلغان، زامانىسىنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ ئۆگۈتلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئىجرا قىلغان، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن مەنپەئەتدار بولغان، يامان ئىللەتلەردىن پەرھىز قىلغان كىشى سائادەتمەنلىك تەختىگە ئۇلاشقان. زامانىسىنىڭ ئەللامىسى ئابدۇقادىر داموللام ئۇلۇغلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرىگە ھەمراھ بولۇپ گۇمراھلىق يولىغا ماڭغان كىشىلەرنى ئويغىتىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا رىغبەت بېرىشتە

زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئەلنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ دۇنياغا چۇشكۇنلۇك، تەقدىرچىلىك كۆزقارىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەرەققىيات نەزىرى بىلەن قاراشقا ئادەتلەندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، قەلىمىنى قورال قىلغان ھالدا «نەسىھەتى ئاما» ناملىق بۇ ئەسەرنى يېزىپ، ئەينى دەۋردىكى ئەقىدە ئۇغرىلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ، زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ يۈرىكىگە قادالغان خەنجەر، چەت ئەلپەرەس مۇناپىقلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدىغان قورال بولغان①.

«نەسىھەتى ئاما» ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەينى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ ئىلىمگە يۈزلەندۇرۇش، ئىلىم ـ ھېكمەت، مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق نادانلىق پاتقىقىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش مەقسىتىدە يېزىلغان نەزەرىيىۋى ئەسەر.

كىتاب ئىنسان ھاياتىدا چوقۇم ئېھتىياجلىق بولغان ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرىگە ھۆرمەت بىلدۇرۇش ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى رېئال ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى زامانىسىدىكى كىشىلەرگە ئوچۇق كۆرسىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئاپتور بۇ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ھۇرۇنلۇق تۆشىكىدە ئىگراپ يېتىپ، ئىلىمنى قەدىرلىمەسلىك ئىللەتلىرىگە خاتىمە بېرىشكە دالالەت قىلىدۇ.

كىتابتا ئەھمىيەتلىك بولغان بىر تەرەپ ھەرقانداق بىر ئادەم مەلۇم بىر ئىش ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولماقچى بولغاندا، چوقۇم ياخشى نىيەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشى، نەزەرىيىنى پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىملىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن تەرىپىدە

① شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابنىڭ 4 ـ تومىدىن ئېلىندى.

كۆرۈلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام: «ھەرقانداق بىر ئەمەل (ئىش ـ ھەرىكەت) دە، ياخشى نىيەت بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئىمان (نىيەت) قانچە ياخشى بولغان بىلەن ئۇ پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە كامالەتكە يېتەلمەيدۇ» دەيدۇ.

ئاپتورنىڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان پىكرى ھەرىكەت بىلەن نىيەتنىڭ بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلغان ئورگانىك ئالاقىسى ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ھەرىكەت تەقەززا قىلغان نىيەت ئەمەلىيەتنىلا ئەمەس، بەلكى ياخشى ئەمەلىيەتنى ئۆزىگە بىردىنبىر شەرت قىلىپ تاللاۋاتىدۇ. ئالىمنىڭ ياخشى ئەمەلىيىتى زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ «ئىتتىپاقلىق، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىنساپ ۋە ئادالەت» تىن ئىبارەت. مانا بۇلار ياخشى ئەمەللەر جۈملىسىدىن بولۇپ، خەلقنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق جاھالەتتىن قۇتۇلۇش، شۇ ئارقىلىق جاھالەتكە خاتىمە بېرىش، ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتىنى، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ۋە رولىنى ھەقىقىي رەۋىشتە جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

ئالىمنىڭ قارىشىچە «ھەر ئىشنى جان دىل بىلەن ئورۇنداش، پاكىزلىككە رىئايە قىلىش، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشۇش، دوستلۇق، ئىنساپ ۋە ئادالەت، ئۆزئارا كېچىشىش، ئۆزىنى خىيانەتتىن نېرى قىلىش، ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىماسلىق، سېخىيلىق، دادىل ئىسلاھ قىلىش روھى بولۇش، ئېغىر ـ بېسىق، چىدام، غەيرەتلىك بولۇش، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئىلىم ئۆگىنىش، باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىش، توغرا يولغا مېڭىش، يامان يولدىن قايتىش» قاتارلىقلار كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنى ساقلاش، ئادەمىيلىك خىسلەتنى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم پەزىلەتلەردىن بولغان.

ئالىم ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى قاپلاپ كەتكەن جاھىللىق، نادانلىق، تەييارتاپلىق، ھورۇنلۇق، ۋە زۇلۇم، خىيانەتكارلىقنىڭ ئەدەپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنى، ئەجنەبىي جىن ـ

شەيتانلارنىڭ دوختۇرخانا، مەكتەپ ئىچىش باھانىسى بىلەن يېتىم - يېسىرلارنى ئۆزىگە تارتىپ، پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى نادانلىق، ئىلىمسىزلىك بىلەن زىچ باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق زەبۇنلۇق ۋە خارلىقنىڭ مەنبەسىدۇر — دېگەن ھەقىقەتنى ئىلمىي رەۋىشتە كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە دادىللىق بىلەن قەتئىي تۇردە: «(كىشىلىرىمىز) پەرىشانلىق ۋە خارۇ زارلىقتا، ئازاب، كۈلپەت، غەم - ئەندىشىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت - نادامەتتىن باشقىغا ئىلاج يوقتۇر. (ھازىر) زىرائەت (دېھقانچىلىق) سودا - سانائەت جەھەتتىن باشقا مىللەتلەردىن تۆۋەندۇر. كېلىڭ، ئەي قېرىنداشلار، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلەر، ھازىرقى تۆۋەنلىكنىڭ ئۆزىمىزدىكى ئۈمىدسىزلىك، ھورۇنلۇق ۋە جۇرئەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ناچار ئەخلاقتىن يېنىپ، ئالىملىرىمىزنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇلارغا ئۈمىد باغلايلى» دەپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن توۋلايدۇ. ئالىمنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىر چاقىرىق بولۇپ، خەلقنىڭ نادانلىق پاتقىقىدىن ئازاد بولۇپ ئىلىم - مەرىپەتكە يۈزلىنىشىدە، ئۆزىنى تونۇپ، كېيىنكى قەدەمنى دادىل بېسىشىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

كىتابتا يەنە ئەھمىيەتلىك بولغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى: زامانىسىدىكى ئىلىم - ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ يالغۇز ئۆزىنىلا ئويلىماستىن، بەلكى نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن ئاساستا، خەلققە ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىتىش، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش، زامانىۋىلىشىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىش، قىسقىسى، ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىر ۋە مۇشكۇللۇكلىكىنى ھېس قىلىپ، ئادىللىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەش تەرىپىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويغانلىق تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. ئالىمنىڭ قارىشىچە، بىلىملىك كىشىلەر كىشىلەر توپىنىڭ سەركىسى. سەركە قوي پادىسىنى ياخشى ئۆسكەن ئوتلاققا باشلىغاندەك، بىلىملىك كىشىلەرمۇ ئاۋامنى ياخشىلىق يولىغا باشلاپ

ئۇلارنى ئاچ - زارلىقتىن، زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇشى، مىللەتكە، شۇنداقلا ئەلگە ياخشى ئىش قىلىش لازىم ئىدى.

ئالىمنىڭ بىلىملىك كىشىلەردىن كۈتكەن تەلىپى، ئۇلار مەجبۇرىيىتىم دەپ تونۇپ، چوقۇم ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زامان ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇلارنى ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن شىۋېتلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ پۇل، مال - دۇنيا ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇشقا رازى بولغان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ، كونىلىقنى ياقىلىغۇچى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇقادىر داموللام باشلىق بىر بۆلەك ئىلغار زىيالىيلار، دىنىي مۆتىۋەرلەر ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىدە چوقۇم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئىلىم - بىلىمدىن يالغۇز ئوغۇللارلا خەۋەردار بولۇپ قالماستىن، بەلكى قىزلارنىڭمۇ خەۋەردار بولۇشى، ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان كىتابلارغا ئېسىلىۋالماي، يېڭىچە تۈيغۇ، يېڭىچە شەكىل بىلەن مائارىپ ئىسلاھاتىغا يۈزلىنىپ، رېئال ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش توغرىسىدا بىر بۆلۈك تەلەپ ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ، ئەسەبىي كۈچلەر دىنىي نىقاب بىلەن شەخسىي غەرىزىنى پەردىلەپ، ئىلغار كۈچلەرنىڭ بۇ خىل ھەققانىي تەلەپ ۋە تەدبىرلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانىدى. ھەتتا ئۇلار ئالىمنى كۆزدىن يوقىتىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەنىدى. بۇ ھال ئەينى دەۋردە ئىككى قاشقا بۆلۈنگەن كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئالىمنىڭ بىلىم ئىگىلىرى ۋە ئالىملارغا شۇنداق تەلەپلەرنى قويۇشى، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق تونۇتۇپ، سەگەكلىك بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا ئۈندىشى مانا مۇشۇ خىل تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئالىم ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ھەققانىي مەجبۇرىيىتىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قىلمىغانلارغا قانداق جازانىڭ كېلىدىغانلىقىنى

ئېيتمىغان. ئالىمنىڭ بۇ خىل قارىشى زىيالىيلارغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالماستىن، بەلكى زىيالىيلارنىڭ ئۇستىدىكى مەجبۇرىيەت، كۆز ئالدىدىكى مۇشكۇل ۋەزىپە قاتارلىقلارنى ئىنسانىي بۇرچ تۇيغۇسىدا تونۇپ، ئۇنى ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئادىل تارازىسىدا ئۆلچەپ، ئىلىمنى ھەققانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئېڭىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت بولغان.

ئەسەردە ئەھمىيەتلىك بولغان يەنە بىر تەرەپ: ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان تەربىيە مەسىلىسى. ئالىم: «كىچىك باللار نادان، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكتە ئادەتلەنگەن ئىش ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار. بۇنداق باللارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يەتمىكىمۇ ئاسان بولىدۇ» دەپ يازىدۇ.

مەلۇمكى، باللار تەربىيىسى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخنى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەۋلادلارغا بولغان تەربىيە مىللەت، دۆلەت ياكى مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي خەلق توپىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، گۈللەپ - ياشنىشى ۋە ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى. ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تارىخ سەھنىسىدە مەردانىلىق بىلەن پۈت تىرەپ تۇرۇشى ياكى شۇ سەھنىدىن غۇلاپ چۈشۈشى ئۇنىڭ ئۆز ئىز باسارلىرى بولغان ئەۋلادلارغا بولغان ياخشى تەربىيىنىڭ ئىزچىللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق شاھانە ئەسىرىدە باللارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە ئاتا - ئانا تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى ئۇستىدە ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئاقىلانە تەدبىرلىرىنى ۋە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 63 - بابىدىكى «پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش بابىدا» دا تەربىيە ۋە تەربىيىلىنىشنىڭ ئوبيېكتىپ

www.uyghurkitap.com

قانۇنىيەتلىك تەلەپلىرى مۇكەممەل نەزەرىيە سۈپىتىدە بايان قىلىنغان.

تەربىيە ۋە تەربىيىلىنىش پۈتكۈل ئىنسانغا بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن روشەن پىسخىكىلىق ۋە جىسمانىي جەھەتتىن مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدىغان، شۇنداقلا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر خىل پائالىيەت. ئالىملىرىمىزنىڭ قارىشىچە بۇ خىل پائالىيەتنىڭ ئادىمىي خىسلەتنى يېتىلدۈرۈش، پىسخىكا ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش جەھەتتىكى تەسىرى ۋە رولى مۇتلەق بولۇپ، ئىرسىيەت، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت، تەلىم - تەربىيە قاتارلىق ئۈچ تەرەپلىك ئامىلنىڭ ئىچىدە تەربىيە ۋە تەربىيىلىنىشنىڭ مۇھىملىقى ئىسپاتلانغان ھەقىقەت بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە:

1780. بىلىمسىزگە كەلسە دەۋلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.
1781. ئەقىللىككە تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھۇزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۈت.

دېگەن بېيىتىدە، بىلىمسىز بىلەن بىلىملىكنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ بىلىملىك بولۇشى بىلەن بىلىمسىزلىكنىڭ شۇ كىشى تەۋە كوللېكتىپ توپىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىنى ئوبرازلىق يەكۈنلەيدۇ. «نەسىھەتى ئامما» دىكى تەلىم - تەربىيىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ مەقسەت بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئابدۇقادىر داموللام ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى، بولۇپمۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىقىشى تەربىيىلىگۈچىنىڭ تەربىيىلەنگۈچى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مائارىپ مەقسىتىگە ئاساسەن خەلق ۋە مىللەت ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ

قارايدۇ. تەربىيە بىلەن تەربىيىلىنىشنىڭ تەلىپى ئىقتىدارلىق ئىلىم ئەھلىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مىللەتنىڭ سۈپىتى ۋە كەلگۈسى تەربىيىلىگۈچىنىڭ تەربىيە نىشانى، تەربىيە مەقسىتى ۋە ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئەجرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئابدۇقادىر داموللام مۇنداق يازىدۇ: «ھەر قانداق بىر ئەمەلدە (ئىش) ياخشى نىيەت بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. (نىيەت) قانچە ياخشى بولغان بىلەن ئۇ پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە كامالەتكە يېتەلمەيدۇ.» ئالىمنىڭ بۇ پىكرىدە تەربىيىلىگۈچىنىڭ مۆئەييەن مەقسەت، نىشانى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، «ئالىملىرىمىزنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇلارغا ئۈمىد باغلايلى، ئالىملىرىمىزمۇ زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ... ئۇلۇغ پېشۋالىرىمىزنىڭ تەلىماتىنى ھەر مەجلىس ۋە سورۇنلاردا بايان قىلسۇن، خەلق ئاممىسىغا ياخشى - يامانىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيە بەرگەندىن تاشقىرى زامانىۋىلىشىشنىڭ يولىنى كۆرسەتسۇن» دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، تەلىم - تەربىيە تەلىپى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت شەكلىنى تەربىيىلىگۈچى بىلەن تەربىيىلەنگۈچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدار ۋە پەزىلەتكە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئەگەر ئالىم - ئۆلىمالار بەلگىلىك مەقسەت - نىشانىنى كۆزلىمەي، تەربىيىلەنگۈچىنىڭ خاھىشىنى كۆزلىسە، ياكى تەربىيىلەنگۈچىنىڭ مىللەت، خەلق، ۋەتەن ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرمەي، بىلدۈرمەي ياكى ئۆزى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ تەربىيىلەنگۈچىنى ئۆز خاھىشىغا بويسۇندۇرسا، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ئۆز بۇرچىنى ئۇنتۇپ، ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن سىرت تەربىيىلەش مەقسىتى ئىشقا ئاشماي قالىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام تەربىيىلەنگۈچى بىلەن تەربىيىلىگۈچىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسى توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆگىتىش، ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئۆگىتىش پرىنسىپى ۋە ئۆگىتىش تەلىپى بىلەن نەتىجىگە ئېرىشىدىغان قانۇنىيەتلىك

باغلىنىشنى روشەن كۆرسىتىپ قويغان.

ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلارنى تەربىيىلىشى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالىلار تەربىيىسى قارىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى دېيىشكە بولىدۇ. ئابدۇقادىر دامولللام ئۆز ئەسىرىدە تەربىيىلەنگەن، بىلىملىك مىللەتلەر بىلەن ئۆز مىللىتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ: «باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا. سۇ ئاستىدا بولسا، خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن كېزىشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ بولسا، ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر» دەپ يازىدۇ.

سېلىشتۇرمىغىچە پەرق ئەتكىلى بولماس، دېگەندەك ئالىم چەت ئەللەردىكى ساياھىتى جەريانىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تەرەققىيات ۋە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى ئىلىم ـ بىلىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىدىيىسىدە ئوخشاش ئادەم ئوخشاش شارائىتتا نېمە ئۈچۈن باشقا ـ باشقا قىسمەتنى باشتىن كەچۈرىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەشكە ئۇرۇنۇپ، ئاخىر ئۇنىڭ تۈپ يىلتىزى بىخۇدلۇق، جاھالەت ۋە غەپلەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئالىمنىڭ «بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر» دېگىنى دەل مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئالىمنىڭ بۇ خىل قارىشى ئەينى دەۋر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھازىر ۋە كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ رېئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

# دىلدا ئويغاقلىق، تىلدا روشەنلىك

دىلدىكى ئويغاقلىق ھەقىقەتنى تونۇش، ئۇنى چىن دىلدىن سۆيۈش، ئۇنىڭغا ھۆرمەت ـ ئەقىدىسىنى باغلاش تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. دىلدا ئويغاقلىق بولمىسا، تىلدا روشەنلىك، سۆزدە مۇلايىملىق، ھەرىكەتتە سىپايىلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كەمتەرلىك بولمايدۇ. كىمكى ھەقىقەتنى تونۇدى، ئۇنىڭغا مۇشتاق بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى ۋە مۇھەببىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بىلگەن بىلگەننى قىلسا، كۆرگەن كۆرگەننى قىلىدۇ، ئاڭلىغان ئاڭلىغاننى سۆزلەيدۇ. بىر ـ بىرىگە ئەقىل ئۆگىتىپ يول بەرمەك، ئۇخلاۋاتقاننى جايىدىن ئويغىتىپ ئۇيقۇدىن بىدار قىلماق ئاقىلانىلىك. ئابدۇقادىر داموللام يۇقىرىقىدەك ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىدىن باشقا يەنە، بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنچىكە، نازۇك تەرەپلىرىدىن ھاسىل قىلغان ھېسسىيات، چۈشەنچىلىرىنى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرىدە تېخىمۇ روشەنلىككە ئىگە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ «مۇخەممەس» ناملىق ئەسىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك.

«مۇخەممەس» ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بەدىئىي ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جەمئىي 120 كۇپلېت، 600 مىسرادىن تەركىب تاپقان خېلى چوڭ ھەجىملىك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر تەتقىقاتچى رەجەپ يۇسۇپنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1989 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ تېمىسى زامانىسىدىكى ھوقۇق ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى، ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان ناچار ئىللەت ۋە خىزمەتتىكى تۈرلۈك خاتالىقلىرى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئىنساپ، ئادالەت، ھەققانىيەت تۇيغۇلىرىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ تەمەخورلۇق، پارىخورلۇققا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكى، شۇ تۈپەيلى جەمئىيەتتە ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، مېھرىبانلىقنىڭ كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئەگەر مۇشۇ ئىش داۋاملىشىۋەرسە، قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى، خەلق قانداق تەقدىرگە دۇچار بولىدىغانلىقى؛ بۇ خىل يامان ئىللەتنى تۈگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، بۇلار رېئال ئەمەلىيەتكە زىچ باغلانغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شائىر ئەسىرىدىكى لىرىك قەھرىمان ئەڭ ئاۋۋال جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ھۆكۈمدارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئادىل تارازىدا ئۆلچەپ كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا باھا بېرىدۇ. مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ ئىنساپ، ئادالەت، ۋە ھەققانىيەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، دۇرۇس قىلغان ئىشلىرىنىڭ ساۋابى ئۇچۇن جەننەتتىن ئورۇن ئېلىپ، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ساۋابىنى كۆرسە بولاتتى دەيدۇ.

شائىرنىڭ بۇ خىل قارىشى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائىي قاتارلىق ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان بۈيۈك شائىرلار ئىدىيىسىنىڭ شائىر قەلىمى ئاستىدىكى راۋاجى ۋە داۋامى بولۇپ، شائىرمۇ ئادالەتلىك پادىشاھ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى پىكىرلىرىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزى پاك ئىش قىلىش بىلەن بىرگە قول ئاستىدىكى خادىملىرىنىڭ ئىشلىرىنى پات ـ پات نازارەت قىلىپ، ئۇلارنى ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلىشى لازىم دەپ قارايدۇ. لېكىن شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى كۆزەتكەن ئەمەلدار ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھەمىشە خەلقنى شۇلۇشقا، تەييارتاپلىق

بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئۆگىنىپ كەتكەن هارامتاماقلار ئىدى. شائىر جەمئىيەت ئاپپاراتلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى هەرقايسى ئورگان خادىملىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىش ـ هەرىكىتىنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرىدۇ: قازى، مۇپتى، ئاخۇن، بەگ، شەيخۇل ئىسلام، مۇدەررىس، قارىي، غازى، خەلپە، شەيخ، موللا قاتارلىقلارنىڭ ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۆز خىزمەت قۇلايلىقىدىن پايدىلىنىپ، پارىخورلۇقتا، تەمەخورلۇقتا، هارامتاماقلىقتا، تەييارتاپلىقتا ئۆگەنگەن رەزىل ماهىيىتىنى، ئۆز نەپسىنىلا كۆزلەيدىغان ئاچ كۆز، خەسىسلىكىنى ئايىماي سۆكۈپ تاشلايدۇ. «ۋالىي (هۆكۈمدار) رەئىيە (خەلق) نىڭ هالىدىن خەۋەردار بولسا، ئادالەت ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن ئىشلىسە، خەلققە هەمىشە غەمخور بولسا، ئۇلارنىڭ دۆلىتى (شانۇ شەۋكىتى) ئۆمرى ئۈچۈن يولباشچى بولاتتى. لېكىن، ئۇلار خەلقنىڭ هالىدىن بىخەۋەر، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن هېچقانداق تەشۋىشى يوق، دەۋاگەرلەر كەلسە، ئۇنىڭ قولىغا، قويىنىغا تەمەخورلۇق بىلەن قارايدۇ. پۇل ئۈچۈن راستىنى يالغانغا، يالغاننى راستقا چىقىرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن خەلق خاراب بولماقتا. موللا ـ ئەلەملەر يېزا ـ قىشلاقلاردا ئۆز مەيلىچە ئايلىنىپ خەلقتىن ئېھتىرام، تەۋەززۇ كۈتۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسى بىر يەرگە كەلسە ئىشنى كەسكىن قىلمىغانلىق سەۋەبلىك ‹قوي هارام› بولىدۇ. بەزى خەلپىلەرنىڭ هالىغا ۋاي، هەربىر ئۆيگە كىرسە ئەتراپتىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلارنى توپلاپ، باشلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ سىلكىپ، ئۇزۇن تەسۋىنى سىيرىپ، تەۋەججۇھ بىلەن ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، بەزىدە هەتتا زورلاپ يىغلاپ ياش تۆكۈپ، زەللىنىڭ يوغىنىنى، داستىخاننىڭ مول بولۇشىنى كۆزلەيدۇ. شەيخلەر هېچقانداق هۈنەر بىلەن شۇغۇللانماي ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ سائىل كەبى تۇرمۇشقا ئۆگىنىپ كەتتى. ئۇلاردا ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. قارىلارمۇ خۇددى شاتۇتىدەك ئاۋازلىرى بىلەن جان بېقىشنىڭ كويىغا كىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ قۇرئاننى ياد ئېلىشى ئۆز نەپسىنى كۆزلەشتىن باشقا نەرسە بولمىدى. موللامنىڭ هالىغا تېخىمۇ ۋاي، هەر كۈنى نەزىر ئىزدەپ، زەللە

كۆزلەپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پەننىي تەرەققىيات بىلەن قىلچە كارى بولمىدى. بۇلارنىڭ كۈنى شۇنداق ئۆتەرمۇ؟» دەپ يېزىپ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىدۇ ۋە بۇنداق ئېغىر، تۈزەتمىسە بولمايدىغان چوڭ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ:

مەرد ئول كەددى يەمىن ئەيلەپ شەبان روز ياتماسە،
مىھنەت ئىلە قول پۇتى گەرچە ئىزىلسە قاتماسە.
تارتمايىن مىننەت كىشىدىن ئابرويىن ساتماسە،
ئافەرىن مۇنداغ كىشىگە كۆلفەت ئەلدىن تارتماسە،
ئەھلى ھىممەت بولسا مۇنداغ، خار بولماس ھېچ زەمان.

زىخىرەد بولغىل، بۇ مالايەئنى سۆزگە ئىستىمەئ،
ۋەھ، نەخۇشدۇر غەيرەت ئەھلى دائىم ئولسە زىقنەئ،
بار مەسەل «مەتلۇبىنى مەخلۇقدىن قىلسا تەمەئ»،
گويىيا قىلدى ئۆكۈزدىن سۈتكى، مۈزدىن ئوت تەمەئ»،
بىز كەبى تامىئكە، يا رەب، بەر قەنائەت ھەر زەمان.

ئەھلى قانىئدۇر كىشىكىم ئەل ئارا ئەئلا بولۇر،
ۋەرنە تامىئ ئەھلىدۇر ھەرچەند ئېسىل، ئەدنا بولۇر،
ئىززەتى نابۇد بولۇپ ئەسفەلگە ھەم ئەجزا بولۇر،
قىلسەلەر بەرئەكسى «قانىئ» ھەرفىنى «ئەنقا» بولۇر،
ئاتىنى ئەنقا دەبان ھېچ كۆرمەگەن ئەھلى زەمان.

ئىنساننىڭ ئىنسانىيلىقىنى ئىپادە قىلغۇچى ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئىنسان ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ۋىجدانىي بۇرچ تۈيغۇسى سۈپىتىدە

ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ بېيىتلاردا، شائىرنىڭ ئادەم بولۇش يوللىرى ھەققىدىكى نەسىھەتلىرى خەلق ھېكمەتلىرى تەرىزىدە جانلىق بايان قىلىنغان.

شائىر جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى، ۋاپا كۆلى سوغۇلۇپ، زۇلۇم بورىنى ئەۋج ئالغان ئومۇمىي ۋەزىيەتنى دادىللىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىشى ئەينى دەۋرنىڭ تۈزەتمىسە بولمايدىغان ئومۇمىي ئىللەتلىرى، كىشىلەرنىڭ تەلپىي، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى ئىدى. ئۇنداقتا، جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىۋالغان بۇنداق ناچار ئىللەت، يامان خاھىش، ناچار ئىستىلنىڭ مەنبەسى زادى نەدە؟ ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كىم يول قويغان؟ بۇ تەبىئىيكى ئەينى دەۋردىكى چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈمى، بەگ - ئەمەلدارلاردىكى شەخسىيەتچىلىك، شۇنداقلا شەخسىي ھەۋەس ۋە بايلىقنى كۆزلىگەن چىرىك ئىستىل ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ جۇغلانمىسى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت پەيدا قىلغان رەزىل ماھىيەتتىن پەيدا بولغان. بۇ خىل ماھىيەتلىك خاراكتېر ۋە ئىستىل ئەينى دەۋر ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل ھاكىمىيىتىنى قوغداش، مۇستەھكەملەش، ئۇنى ئۆزگە قالقان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى سەمرىتىشتىن قىلچە يىراقلاشمىغان. شائىر مۇنداق يازىدۇ:

قالمادى ئەسلا تەنابى بولدى ئالەم بىنىزام،
يوق ئۇچۇن بىر ھاكىمى مەزبۇتكىم ئالىي كىرام،
ھەر بىرى ئۆز بەگ بولۇپ رەئيى ئىلە ئەيلەر خىرام،
ياتتىلار ئەئلا نەسەب، ئەسفەل قوپۇپ تاپتى قارام،
بىگۇمان بۇ ئىش ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زامان
................
ھېچ ۋالىلار ئارا بىر ئەدلۇ شەفقەت قالمادى،
ئالىمۇ فازىل ئارا خالىس ئىبادەت قالمادى،

ئەغنىيا دېھقان ئارا خەيرۇ سەخاۋەت قالمادى،
ھەم فەقىر ئاجىز ئارا شۈكرۇ قەنائەت قالمادى،
مۇنىڭ ئۈچۈن قورۇلۇپ تۇرمىش بۇ يەڭىلىغ بۇ زەمان.

ئابدۇقادىر داموللام گىگانت ئىسلاھاتچى، ئۇلۇغ گۇمانىست ۋە يىراقنى كۆزلىگەن ۋەتەنپەرۋەر شائىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ رەزىل كۈچلەرنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئايىماي سۆكىدۇ. ئىنساننى ئەزىز ۋە خار قىلغۇچى ئەقىل بىلەن نەپسنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ماھىيىتىگە تولۇق باھا بېرىپ، ئۇنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ:

نەفسى شەيتان كۆرسەتۇر ھەر بەندەگە تۈرلۈك ئويۇن،
نەفسى مىرشەب مۈلكى تەندە ئەقىلدۇر رەھنەمۇن،
بەئزىلەرنى ئازدۇرۇپ غەفلەت بىلەن قىلمىش زەبۇن،
ئاقىل ئولدۇر ئەكسى ئەيەپ بەرمەسە ھەرگىز بويۇن،
ئەقلىلە نەفسى تالاش ئۈستىدەدۇرلار ھەرزەمان.

نەفس ئايتۇر: «ئەقىلنىڭ ئۈستىدە بولسام دەستىرەس،
قاتىبان تەن مۈلكىنى گويا ئاڭا ئالسام قەفەس»،
نەفسى ئايتۇر: «ۋەقتىڭ ئۈشبۇ، ئەيلەگىل ھايۇ ھەۋەس»،
ئەقىل ئايتۇر: «دەم غەنىمەت غافىل ئولمە بىر نەفەس،
كەلمەگەي ئىككىنچى ھەرگىز كىم ئۆتۈپ تۇرغان زەمان.»

نەپس بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە كلاسسىكلىرىمىزنىڭ بايانلىرى ناھايىتى كۆپ. نەپس ئىنساننى زەبۇنلۇققا، خارلىققا باشلايدىغان، قانائەت ۋە ئىنساپتىن يىراق بولغان بىر خىل مەنىۋى چۈشكۈنلۈك يولىدىن ئىبارەت. ئابدۇقادىر داموللام ئەسىرىدە ئەقىل بىلەن نەپسنىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نەفس ئايتۇر: «فىسق ئىلىنى ئەيلەگىل ئۆزىڭگە رام،»
ئەقىل ئايتۇر: «دائىما زۇھد ئەھلى ئىلە قىلغىل خىرام»،
نەفس ئايتۇر: «ھاسىل ئەيلە دىلدا نە باردۇر مەرام،»
ئەقىل ئايتۇر: «نەفسى شەيتان باشلاغان يوللار ھەرام،
كىرمەگىل زىنھاركىم شەيتان يولىغە ھېچ زەمان.»
نەفس ئايتۇر: «يەپ ـ ئىچىپ دائىم تەنىڭنى ھەزبە قىل»،
ئەقىل ئايتۇر: «نەفسىنى تويغۇزمايىن سەن ھەربە قىل،»
نەفسى ئايتۇر: «ئويناپ ئالىپ، ئەرتە ـ ئۆرگىن تەۋبە قىل»،
ئەقىل ئايتۇر: «يان گۇنەھدىن دەرمەھەل سەن تەۋبە قىل،
تەۋبە قىلغۇم دەپ ۋرۇبا ئۆتمەسۇن ۋەقتى زەمان.

ۋە ئاخىرىدا خۇلاسە چىقىرىپ، ئەگەر كىمدە ئەقىل غالىب بولسا، ئۇنىڭغا شادلىق مۇيەسسەر بولىدۇ. نەپس غالىب بولسا، كىشى مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمەي، بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كېتىدۇ، دەيدۇ.
شائىرنىڭ ئەسىرىدىكى لىرىك قەھرىمان نەپس بىلەن ئەقىلنىڭ مۇنازىرىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا، تېخىمۇ كونكرېتلىقتا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر تاجدارلار، بايلار، خەسىسلەرنىڭ نامىنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىپ، ئۇلار نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، باشلار كېسىپ، قانلار تۆكۈپ، جاللاتلىق نامىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلارغا نەپس ھېچقاچان ھېچقانداق پايدا مەنپەئەت بەرمىدى، ئەكسىچە خەلقنىڭ نەپرىتى ياغدى دېيىش بىلەن بىرگە ئىلتىماس شەكلىدە:

ئەقل غالىب بولسا كىمدە شاد ئولۇرلار جان ئارا،
ۋەرنە بولسا نەفس غالىب قالغاي ئول ئەرمان ئارا،
ئۇشبۇ رەڭ ئىردى تالاش تەن ئىچرەكىم مەيدان ئارا،
گويىيا ئىردى جەدەل قەيسەر بىلە خاقان ئارا،
غالىب ئەيلە ئەقلىنى نەفس ئۆزرە، يا رەب، ھەر زەمان.

دەيدۇ. بىز شائىرنىڭ «مۇخەممەس» نى تەپسىلىي ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ دىلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان، قورقماس، ئوت يۈرەك، خۇراپاتلىققا ۋە جاھالەتكە ئوت ياققۇچى ئالىيجاناب، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە جەسۇر قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى كۆرگەندەك بولىمىز. شائىرنىڭ بۇ قەھرىمانى كۆپنى كۆرگەن، زاماننىڭ تەرەققىياتىنى بىلىپ يېتىپ، ئۆز زامانىسىدىكى تەرەققىياتقا توسقۇن بولۇۋاتقان جاھىل كۈچلەر بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش ئېلىپ بارغان، دەۋردىكى تۈرلۈك مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى چىرىكلىكىنى ئايىماي تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلغان، ئۆز نەپسىنىڭ ئەقلىنى كونترول قىلىۋېلىشىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل ئازاد بولۇپ، ئۆز مەنپەئىتىنى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرغان، خەلقنى ئويغىتىپ جاھىلىيەت كۈچلىرىنى كۇمپەيكۇم قىلىپ، يېڭى بىر دەۋر بەرپا قىلىشنى ئىزدىگەن ئېسىل پەزىلەتلىك گىگانت جەڭچىنىڭ ئوبرازى. بۇ ئوبراز جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەقىل تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ چىققانلىقى ئۈچۈن:

شائىرا، ھەر نەۋئى ئەلدىن شىكۋە ئىلە قىلدىڭ نىدا،
ۋالى، ئالىم، خەلفە، ئىشان، سەييىدى ئەھلى غەزا،
قارى، دېھقان، سەۋداگەر قالماي ھەمە كاسىب گەدا،
خەتم قىل، يۈز تىل بىلە قىلساڭ ئەگەر بولماس ئەدا،
كۆللى يەۋم بەدتەر بولۇر ھەرگىز تۈزەلمەس بۇ زەمان

دېيىش بىلەن بىرگە مۇنداق ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

ھەرنە دەرمىز، ھەرنە بولغانىكىم ئېرۇر ئۆز فىئلىمىز،
تاشىبان ئەندازەدىن چىقتى بەسى ئەفئالىمىز،

دائىما لەھۇۋ لەئەبدۇر، ئۆتسە غەم يوق سالىمىز،
داغى بىدار ئۇلماساق بولغاي نېچۈك ئەھۋالىمىز،
شۇنچەدە ئىنساف بەر بەندەڭگە، يا رەب، بۇ زەمان.

شۇڭا ئاخىردا بۇنداق ئۆتۈۋېرىشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ياخشى ئەمەسلىكىنى ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ياشاش ئۈچۈن:

ۋەقتىنى بىلگىل غەنىمەت ۋەسف ئىلە شىكۋەڭنى قوي،
بىئىراده بولماغاي ھەر ئىشكى ئەفسانەڭنى قوي،
سەئيى ئىلە كەتكىل چىقىپكىم خانەۋۇ مانىڭنى قوي،
ئۈستىگە ئانىڭ ئۆزۈڭ بىرلە يەنە زاتىڭنى قوي،
ۋەقتىنى بىلگىل غەنىمەتكىم تۈزەلمەس بۇ زەمان.
دېگەن مىسرالارنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ پۇختىلىقى، رېئال ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلۈكلىكى، مەنتىقىلىق باغلىنىشىنىڭ مۇستەھكەم ۋە قايىل قىلارلىقلىقى بىلەن ئەينى دەۋردە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۇرمۇشتا رەھنەما، ھاياتتا دىلرەبا

ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئادەملەرنى باي ـ كەمبەغەل، ئاجىز ـ كۈچلۈك، بىلىملىك بىلىمسىز، پۇقرا ـ باشچى... قىلىپ يارىتىشتىكى مەقسىتى بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى سىناش ئۈچۈن بولغان. ئادەملەر ئۆزىدىكى ئەقلىيەت بىلىملىرى ۋە جىسمانىيەت قۇۋۋەتلىرى ئارقىلىق ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا قادىرلاردىن بولسىمۇ، لېكىن كەمبەغەللىك بىلەن بايلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى كەمبەغەل تىرىشچاقلىقى بىلەن يوقىتىشقا تىرىشسا، باي قولىدىكى بايلىقنى ئاجىز، غېرىب، مىسكىنلەرگە سەرپ قىلىش يولى بىلەن تېخىمۇ كۆپەيتىشكە تىرىشىدۇ. بايىنىڭ قولىدىكى بايلىق ئۇنىڭغىلا تەۋە بولمىغانغا ئوخشاش، كەمبەغەلنىڭ كەمبەغەللىكى ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك بەخشەندە ئەمەس. كەمبەغەل تىرىشىش يولى بىلەن، باي بولسا، سېخىيلىق يولى بىلەن بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئەگەر بىرسىدە ئۆزىگە خاس خىسلەتلەرنىڭ بىرى كەم بولسا، ھەر ئىككىلىسى گۇمران بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزمۇ ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش يولى بىلەن بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. بىرسى بىرسىدىن ئايرىلسا، رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرەلمەيدۇ. پۇقرا بىلەن باشچىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەر ئۆز ئەقلى بىلەن كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇق دۇنياغا باشلايدۇ، نىجاتلىق ئاتا قىلىدۇ. باي بىلەن كەمبەغەلسىز دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغانغا ئوخشاش، پۇقرا بىلەن رەھنەماسىز ئادەملەردىكى بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى، تەرەققىيات ئىزچىللىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش

مۇمكىن ئەمەس.قانداق ئادەملەر رەھنەما بولۇش، رەھنەمالار قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇش، مەقسەت ـ مۇددىئالىرى قانداق بولۇش مەسلىسى دانا ـ ھېكمىلەرنىڭ دەستۇرلىرىدا خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا قەيت قىلىنىشقا باشلىغان، ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دىمۇ بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە مۇنازىرە ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر رېئالىستىك ژانىرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى دەسلەپكى نامايانداىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى ئۆزگىچە ئۇسۇلى جەھەتتىن باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئاپتورلار رېئاللىقتا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان توغرىلىق بىلەن خاتالىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك... لەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە بۇ زىددىيەتلەر ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ تۇرلۇك قاراشلىرىنى ئىپادىلەشتە بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردىن بىرى بولغان مۇنازىرە ئۇسۇلىنى ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. بۇلاردا يارىتىلغان تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۆز پىكرىنى ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشقان.

مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى بىر قەدەر تېز بولغان. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرى يازغان تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى يېگانە قامۇس «دىۋان لۇغاتت تۈرك» تە مۇنازىرە خاراكتېرىغا مەنسۇپ بولغان قەدىمكى دەۋرگە ئائىت قوشاقلار خېلى كۆپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ھال ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇنازىرەئۇسۇلىنىڭ خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتتا ئۆز رولىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە جارى قىلدۇردى. مەشھۇر شائىر ئەھمەد يەسسەۋى جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ نېگىزىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، كىشىلەرنى ھەق ـ ئادالەت يولىدا مېڭىشقا، ئادىللىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلىسە، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە يەقىنىي، ئەھمەدىي، سەبۇرىي، خىسلەت، مەھزۇن خوتەنىي، نىيازىي، زىيائىي، غېرىبىي، يۈسۈپ ئەمىرىي قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلار ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ئوخشىمىغان تۈر ۋە شەكىلدىكى تۈرلۈك جانلىق ـ جانسىز شەيئىلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ پېرسوناژى قىلىپ تاللىۋېلىپ، جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان يامان ئىللەت، خاھىشلارنى ئۆتكۈر يۇمۇرستىك قامچىسى ئاستىغا ئالدى.

شائىر، پېداگوگ، ئالىم ئابدۇقادىر داموللام بۇ ئۇسۇلنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۈجمە، جىنەستە، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئىزىم (ئەنگىر)، ئانار، بېھى، ئالما، نەشپۈت، ياڭاق، ئەينۇلا، ئالۇچا، قارىئۆرۈك، جىگدە، چىلان، خورما، ئامۇت، بادام قاتارلىق 19 خىل مېۋىنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىسى ئارقىلىق جەمئىيەتتە چوقۇم مەلۇم بىر تەشكىلىي تۈزۈمنىڭ بولۇشى لازىملىقى، مەلۇم بىر توغرا رەھبەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىشى لازىملىقى، ئۇنداق بولمىغاندا ھەركىم ئۆز بېشىمچى بولۇۋېلىپ، ھېچكىمنىڭ ـ ھېچكىم بىلەن كارى بولمايدىغان بىر خىل ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەسەر جەمئىي 144 بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. ئالدىنقى 10بېيىتتا شائىرنىڭ ئاللانىڭ تەبىئەتنى، تەبىئەتتىكى بىر يىلنى تۆت پەسىلدىن، بىر پەسىلنى ئۈچ ئايدىن قىلىپ ياراتقانلىقىغا، بىر كۈندە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقى، يەنە

بۇ ئالەمنىڭ رەڭمۇ رەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنلىكى، ئىنسان مۇشۇ رەڭمۇ رەڭ دۇنيادىن ھۇزۇرلىنىپ ياشايدىغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدىكى بايانلىرى ئورۇن ئالغان. شائىر بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى مۇنداق يازىدۇ:

قايسى بىر قۇدرەتلەرنىڭ ئەيلەي بەيان، پەرۋەردىگار،
ھەممەئى زىيجانىكىم سىنىڭدىن ئىرمىش كىردىگار،
توختاتىپ ئەۋۋەلدە ئانداغ ئەژدەرىكىم دىلپەزىر،
ھەم ئەتا ئەيلەپ ئاڭا قابىل، مۇكەممەل تۆرت ۋەزىر،
ھەر ۋەزىرغە داغى ئىچدىن لۇتف ئېتىپ يارى ئەزىز،
بۇ ئەزىزلەردىن ۋەزىرلەر تاپىبان تۇئمە لەزىز،
ھەر ئەزىزغە يانە ئوتتۇز مەھرەمى چابۇكسەۋار،
نىسبى ئاق، نىسبى قارا ئات ئۈزرە بولمىش بەرقەرار،
داغى ھەربىر مەھرەمىگە فەزل ئېتىپ بەشدىن ياراغ،
بۇ ياراغ بىرلە ئۇلارنى ئەيلەبان خاتىر فەراغ.

كېيىنكى 130 بېيىتتا ئاساسەن ئاساسىي ۋەقەلىككە ئۆتۈپ، ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان پېرسوناژلارنى بىر - بىرلەپ بەدىئىي سەھنىگە ئېلىپ چىقىدۇ:

باھار كېلىپ ھەممە يەرنى ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەر قاپلايدۇ. مېۋىلەر ئېسىلىپ پىشىشقا باشلايدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئۇجمە پىشىپ ئۆزىنى ماختاپ: «مەن ھەممە مېۋىلەردىن ئىلگىرى پىشىپ ئەلگە بالدۇر نەپ بېرىمەن. كىشىلەر مېنى بىر - بىرىگە سوۋغات قىلىپ مەندىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئاچلارنىڭ قارنى ئەڭ ئاۋۋال مەن بىلەن تويىدۇ. جانۇ جانىۋارلار مېنى يەپ ھۇزۇرلىنىدۇ. مەن كۆپ ئائىلىلىك، مېنىڭ شاتۇت ئاتىلىدىغان قېرىندىشىم بار، ئۇمۇ لەززىتى، رەڭگى بىلەن شاھ مېۋىدۇر» دەپ ئۆزىنى ماختايدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جىنەستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇجمىنىڭ ئۆزىنى ماختىشىغا قارشى ھالدا: «ھەي ئۇجمە، يوغانچىلىق قىلما، سېنىڭ بۇ باغدا تۇرار جايىڭ يوق، سېنى يېگىلى ئېشى يوق

ھۇرۇنلار يەپ ھۇزۇرلىنىدۇ. شۇڭا، سىنى باغ سىرتىغا تىكىدۇ» دېيىش بىلەن بىرگە ئۆزىنى داملاپ: «مەن باغ ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن پىشىمەن. مەن باغقا زىننەت بېغىشلىغۇچىمەن. مېنى چىنە ـ تەخسىلەرگە ئېلىپ ئىززەتلەپ داستىخانغا قويىدۇ. مەن ھۆرمەتكە سازاۋەر» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۆرۈك جىنەستىنى ئەيىبلەپ: «سىنىڭ شەكلىڭ چىرايلىق بولغىنى بىلەن، تەمىڭ يوق، بۇ خۇددى ‹چىرايلىقتا ۋاپا يوق› دېگەن مەسىلگە ئوخشايدۇ. بىز ئۆرۈكلەر داستىخاننىڭ سەرخىل مېۋىلىرىدىن بولىمىز. بىزنى كىشىلەر يېقىن دوستلىرىغا سوۋغا قىلىشىدۇ. قۇرۇتۇپ گۇلە ـ قاق قىلىپ تاكى ئەتىيازغىچە ساقلاپ يەيدۇ. ھەتتا بىز يوق يەرلەرگە ئاپىرىپ ئەتىۋارلىق مال سۈپىتىدە ساتىدۇ. باغدىكى مېۋىلەرنىڭ يېرىمىنى بىز تەشكىل قىلىمىز. بىزنى مېغىزىمىز بىلەن قۇرۇتۇپ يېسە گويا خورمىدەك لەززەت بېرىمىز» دەپ ماختىنىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاپتۇل دەرھال ئۆرۈكنىڭ گېپىنى بۆلۈپ: «بىز شاپتۇللار يازنىڭ ئاۋۋىلىدا پىشساق تاكى كۈزگىچە پىشىپ تۇرىمىز. بىزنىڭ شېرىنلىكىمىزگە ھېچنەرسىنىڭ شېرىنلىكى يەتمەيدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا سەن نېمە ئىدىڭ» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەنجۈر شاپتۇلغا رەددىيە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭغا قارشى ئۈزۈم قوپۇپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «سەن نېمانچە لاپ ئۇرىسەن، سەن تاق شاخلىق بىر مەخلۇق، سېنىڭ بېخىللىقىڭدىن كىشىلەر سېنىڭ يۈزۈڭگە شاپىلاق ئۇرىدۇ. مېۋىلەر ئىچىدە بەك ۋىجىك، بەك ئاۋارە بىر نەرسە سەن. قىشتا ئوبدان يېپىنچاڭ بولمىسا، ئۈششۈپ ئۆلىسەن، شۇ ھالىڭغا نېمە ئانچە يوغانچىلىق قىلىسەن» دەپ ئەيىبلەپ، ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ: «بىز بىر يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە بار. ھەتتا بىزدىن مۇسەللەس ياساپ ئىچىشىدۇ. بىز ھەم ئاش، ھەم ئىچىملىك ھەم قۇۋۋەت دورىسى، بىزدىن ھېچكىمگە زەرەر يەتمەيدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېھى: «مەن ھەممىدىن خۇشبۇيمەن. مېنى ئۆيگە تىزىپ قويسا خۇش پۇراق تارقىتىمەن» دەپ ئۆزىنى ماختايدۇ. ئالما كېلىپ بېھىنى چوقۇرۇپ



www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى ماختايدۇ. ئارقىدىن نەشپۈت، ياڭاق، ئەينۇلا، ئالۇچا، قارىئۆرۈك، جىگدە، چىلانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرى بىرىنىڭ ئەيىبىنى كولاپ، ئۆزىنى ماختىشىدۇ. جېدەل خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. ئاخىر باغ ئىچىدىكى ھەممە دەرەخلەر يىغىلىپ:

بار ئىدى ئەشجارلار باغ ئىچرە خاھى تاغ تەمىز،
ئىتتىفاقەن دېدى: «بولسە بىر ئۇلۇغ ئەھلى تەمىز،
ھەر قوپال باشسىز ئېرۇر قوپمىش نىفاقۇ ماجەرا،
تۇتسە مەھكەم بىر ئۇلۇغنى پەست ئولۇر چۇنۇ ـ چەرا،
ئالتە كۇنلىك ۋەقتىمىزغە بىز قىلىپ مۇنچە جەدەل،
كاش بولسا ئېردى بىر سۇلتانى ئادىل بىبەدەل».

دېيىشىدۇ ۋە ئاخىر ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىپ خورمىنى پادىشاھ قىلىپ سايلايدۇ. ئامۇت مۇپتى بولىدۇ. بېھى قازى؛ بادام ياساۋۇل؛ شاپتۇل باكاۋۇل؛ جىنەستە، ئالۇچە، چىلانلار مەھرەم؛ قارىئۆرۈك ۋە ئەينۇلا خەزىنىدە؛ ياڭاق بىلەن ئۆرۈك ۋەزىر؛ ئالما، ئەنجۇرلەر مىرزا، شاتۇت بىلەن ئۈزۈم ئاش باشى؛ ئۇجمە بىلەن جىگدە پەرراش باشى؛ قوغۇن بىلەن تاۋۇز لەنگەرچى بولىدۇ. مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى پۇقراچىلىق قىلىدىغان بولۇشىدۇ.

ئاخىرىدا شائىر ئۆز ئەسىرىدىكى مەقسەتكە كۆچۈپ، بىزلەرگىمۇ ئادىل بىر پادىشاھ بولسا، ئۇ رەئىيەنى (خەلقنى) ئەمىنلىك ۋە ھىدايەت يولىغا باشلاپ، خەلقنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلسا، ئادىل سىياسەت يۈرگۈزسە، قول ئاستىدىكى خادىملار خەلق ئۈچۈن جان دىل بىلەن ئىشلىسە، ئۇنىڭ نامى ئادىل پادىشاھ ئىسكەندەرگە ئوخشاش تەرەپ ـ تەرەپكە تارىسا دېگەن ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى ھەممە يەرنى تەپرىقچىلىق قاپلاپ كەتكەن ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رىئاللىقىنىڭ ئىخچاملاشقان كارتىنىسى بولۇپلا

قالماي، زامان هۆكۈمرانلىرىنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان شىكايەتنامە؛ زامان سىياسىتىگە ئوقۇلغان ئاشكارا نارازىلىقتىن ئىبارەت. شائىر بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار روھىي دۇنياسىنى، قايتماس ئىرادىسىنى، ئۇلۇغۋار ئىسلاھات ئىدىيىسىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

# ئەقلىڭدىن سورا

ئادەمىيلىك پەقەت بىلىملىك بولۇشتىلا ئەمەس، بەلكى ئەجدادلارنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغانلىرىدەك، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىرەر تەربىيەتلىك بىلىم قالدۇرۇشنى بىلىشىمىزدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىلگىرىكىلەر بىز ئۈچۈن قالدۇرغان تەۋەررۇكلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئەنە شۇلارنىڭ ھېچبىرىنى كەمسىتمەيدىغان غايەت زور ئورگانىك، مەڭگۈ ئاجرالمايدىغان، ئۈزۈلمەيدىغان رىشتە مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ قالدۇرغىنى بىزنىڭ ئادىمىي ھاياتىمىز ۋە ھاياتىمىزنى ھاياتىيلىققا ئىگە قىلىش يولىدا قوللانغان تەدبىرلىرىمىز (تەرەققىيات ئۇسۇللىرىمىز) ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، قىلماقتا. بىزمۇ بېخىللىق ۋە ھورۇنلۇقتىن ساقلىنىپ،ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، ھاياتىمىزدىن ئادىمىيلىك نىشانى قالدۇرۇشىمىز لازىم. ئابدۇقادىر داموللام مۇشۇ مەقسەتنى تولۇق چۈشەنگەن، ئىجراسىنى ئاغزىدا ئەمەس، ئەمەلىيىتىدە تولۇق كۆرسەتكەن ئۇلۇغ زات. «ئەقلىڭدىن سورا» دېگىنىمىزدە، كۆز كۆرگەن، ئەقىل تونۇتقان ۋە بىلدۈرگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۇنى بىلىشىمىزنى ۋە ھاياتىمىزنىڭ دەستىكى قىلىشىمىزنى كۆزدە تۇتىمىز.چۈنكى، ئەقىل دېگەن بىر كۈندىلا، بىرەر يىلدىلا كامالىتىنى تاپىدىغان ئۇنداق ئاددىي، ئۇنداق ئاسان پائالىيەت جەريانى ئەمەس. ئاتا ـ ئانىدىن ئۆگىنىش، دوست ـ يار بۇرادەرلىرىدىن قوبۇل قىلىش، ئۆزىدىن ۋە باشقىلاردىن ھاسىل بولغان تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلاش، سالىھلاردىن تەلىم ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش، ياخشى كىتاب، دەستۇرلارنى پىششىق ئۆزلەشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن تۇرمۇشى ئۈچۈن بىلىم يۇقتۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەقىلنى

يېتىلدۈرىدىغان مۇھىم جەريان. ئۇلۇغلار: «ئۆزۈڭ ياخشى بىلگەن نەرسەڭنى باشقىلارغا ئۆگىتىشتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە ساخاۋەتلىك ئىش بولماس» دەپ كۆرسەتكەن. بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ياكى ئۆگەتمەسلىكمۇ ئەقلىنىڭ بېشارىتى بىلەن بولىدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە:

151. خۇدا بەرسە كىمگە ئەقىل ـ ھوش، بىلىك،
تولا ياخشىلىققا ئۇزاتۇر ئىلىك.

دەپ يازغان. ئالىمنىڭ: «ئەقىل ـ ھوش ۋە بىلىم ئىگىلىگەن ئادەم ياخشىلىق قىلىشنى ھاياتىمىنىڭ مەقسىتى دەپ تونۇيدۇ» دېگەن قارىشىنى بايان قىلىشىدا، ئەقىل بىلەن قىلغان ئىشنىڭ ھېچقاچان خاتاسى بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدا ئىدى. دېمىسىمۇ، ئادەمدىكى ھوش، ئەقىل، ياخشى پەزىلەت ۋە ئىلىم ئادەمنى ھايۋاندىن، ئادەمنى ئادەمدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. تىل بىلەن دىلنىڭ بىرلىكى، نومۇس ـ ھايا بىلەن ئادەمنىڭ زىننەت ۋە ئىززەت تېپىشى، ئەقىل بىلەن دۇنيا سىرلىرىنى يېشىشى ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئېسىل نېمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنى دەل ۋاقتىدا، مۇۋاپىق جايلارغا ئىشلىتىش، باشقىلارغا بىلدۈرۈش پەرز ۋە قەرز. خەلقىمىزنىڭ «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر»، «كۆڭۈل ئېزىنتقۇ، ئەقىل تىزگىن» دېگىنىدە ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنىڭ لازىملىقى ۋە ئەقىلنى باشقىلارغىمۇ بىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

ئابدۇقادىر داموللام ھايات تەجرىبىلىرىنى، ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ۋە زاماندىاشلىرىنىڭ تۇرمۇش ئاچاللىرىدا توپلىغان تەجربە ـ ساۋاقلىرىنى باشقىلارغا يول كۆرسىتىش، ھاياتىغا ئىزگۇ مەنە بېرىش، ئادىمىيلىكنى جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان ئاقىلانە ئىش ـ پائالىيەتلىرى بەكمۇ خاسىيەتلىك بولغان. مانا، بۇنىڭغا

قارا! مانا بۇ ئالىمنىڭ بىزگە قالدۇرغان مۇبارەك يازمىلىرىنىڭ بىرى «مىفتاھۇل ـ ئەدەب» دېگەن كىتابىنىڭ قولىمىزدا بار نۇسخىسى.

«مىفتاھۇل ـ ئەدەب» ئالىم ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ باشقا ئەسەرلەردىن مەزمۇن، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئەسەر مىلادىيە 1910 – 1911 ـ يىللىرى (ھىجرىيە 1328 ـ يىلى) ئەينى دەۋردىكى زىيالىيلارنىڭ ئەرەب تىلىنىڭ ئىنچىكە، نازۇك، پاساھەتلىك تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشكە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەرەب تىلى سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈۋېلىشقا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە قەشقەردە يېزىلغان. كىتاب شۇ يىلى تاشكەنتتە «غۇلامىيە» مەتبەئەسىدە سىراجىدىن مەخسۇم دېگەن ئادەمنىڭ خىراجەت سەرپ قىلىشى ۋە شۇ ئادەمنىڭ ئۆز خېتى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىشى نەتىجىسىدە تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان.

مەزكۇر[1] مەلۇمات بېرىشىچە، كىتاب ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمى ئون باب، 2 ـ قىسمى بەش باب، ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى قىسمىنىڭ نەشرى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بولمىغان.

ئەسەرنىڭ تولۇق نامى «مىفتاھۇل ـ ئەدەب، لىفەھمى كەلامۇل ـ ئەرەب» (ئەرەب تىلىنى تونۇتقۇچى ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى) بولۇپ، ھازىر «مىفتاھۇل ـ ئەدەب» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئەسەر ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئەدىبلەردىن ئەبۇلئەلا ئەھمەد مەئەررىي، تەقىيىددىن، ئەلى تەممامىن، تاھىر ئىسكەندەرىي، ئىبراھىم شەبرەۋى، ھارۇن رەشىد، ئىبنى رۇمىي، ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانىي، زەمەخشەرىي، شەئدى شىرازىي، ئابدۇقادىر جىلانىي قاتارلىق كاتتا ئالىم، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىكى فەرد،

---

[1] ئۆمەر ئوسمان شىپاھىنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلى 2001 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىكى ماقالىغا قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

قىتئە، رۇبائىي، غەزەل، قەسىدىلىرى ئىچىدىن كىتابتا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرلىرىنىڭ مەقسەت ـ ئېھتىياجىغا لايىق كېلىدىغان قىسىملىرىنى ئارىيەت ئېلىش شەكلى بىلەن تاللاپ ئالغان بىر مىڭ سەككىز يۈز مىسراغا يېقىن نەزمىي جاۋاھىراتلاردىن تۈزۈلگەن كىتابتۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە سەككاكىي، تەجەللىي ھەزرەت، سىراجىددىن مەخدۇم، مۇراد خوجا ئىشان قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈركىي تىللىق ئەدىبلەرگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. بولۇپمۇ تەجەللىي ھەزرىتىمگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. كىتاب تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئۆزگىچە بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن تۈزۈلگەن «توپلام» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن ئۆز ئىسمىنى «كەمىنە ئابدۇقادىر ئېيتىدۇكى» دەپ ئاشكارا بەرگەندىن باشقا «كەمىنە ئېيتىدۇ»، «بەزىلەر ئېيتىدۇ»، «زامانىنىڭ بەزى پەزىلەتلىكلىرى ئېيتىدۇ»دەپ ئالغان. ئۆز ئىسمىنىڭ كۆپ ئورۇندا تەكرارلىنىپ، بىمەززە، تېتىقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغان. كىتاب 9 ـ ئەسىردىن تاكى 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي شارائىتتىكى بىر قىسىم ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر ـ تۈركىي شائىرلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار بىلەن بېزەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىدىن بەدىئىي زوق ئېلىش، ئۇلگىلەر بىلەن تونۇشۇشتىن باشقا، ئۆزگىرىشچان تىل ھادىسىلىرىنى، ئەدەبىي شەكىللەرنى، تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى تەتقىق قىلىش، 10 ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ھاياتتىكى شەرق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، ئادىمىي خىسلەت ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇش، تەتقىق جەھەتتە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

ئابدۇقادىر داموللام ئۆز كىتابىغا نېمە ئۈچۈن «مىفتاھۇل ـ ئەدەب، لىفەھمى كەلامۇل ئەرەب» (ئەرەب تىلىنى تونۇتقۇچى ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى) دەپ ئىسىم قويغانلىقى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «كەمىنە ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئىقتىدارىغا قارىماي، ئوقۇغۇچىلارنى پايدىلىق

ئىلىملەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش نىيىتى بىلەن ئەرەب دىۋانلىرىدىن ئىلىم ـ ھېكمەت، مەدھىيە، قەھرىمانلىق، پەخىرلىنىش، غەزەل، زەھرىيات (گۈل ـ چېچەك)، تەنقىد، مەرسىيە، تارىخ قاتارلىقلارغا ئائىت نەپىس شېئىرلارنى تاللاپ ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلى قائىدىسى ۋە ئەدەبىيات ئۇسۇللىرىدىكى مەنە، بايان، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەرۇز، قافىيىگە مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرىنى توپلاپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، بىرىنچى قىسىمنى 10 باب، ئىككىنچى قىسىمنى بەش باب قىلىپ تىزدىم. ‹تەلخسۇل ـ مىفتاھ› دا بايان قىلىنغان شېئىرلارنى ھەم بۇ توپلامغا قوشتۇم. چۈنكى، بۇ قىسقىغىنا توپلام ئوقۇغۇچىلارنى دىۋاندىكى پاساھەت، بالاغەت، ئاجايىپ ئۇسۇللار، بەدىئىي مەنىلەرگە ئاشنا قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىلىم دېڭىزىدىن دۇر ـ گۆھەرلەرنى قازماققا، ھەدىسلەر گۈلشىنىدىن گۈللەر ئىزدىمەككە دالالەت قىلامدىكىن ـ دېگەن ئۈمىدتە بۇ لەتىپىلىك توپلامنى ‹مىفتاھۇل ئەدەب، لىفەھمى كەلامۇل ئەرەب› دەپ ئاتاشنى مۇناسىپ كۆردىم.»[1]

كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئۆلچىمى، ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي پەزىلەت، ئىنساندىكى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىلغان بولۇپ، ئاپتور مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۈرىدىگەن ھالدا ئەقىل، بىلىم، بەخت، گۈزەللىك، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، ھاكىمىيەت، ۋەتەن، مىللەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىنسانىي ئېسىل خىسلەت ۋە پەزىلەتلەرنى زوق ـ شوق بىلەن مەدھىيىلەپ، كىشىلەرنى مۇشۇ خىسلەتلەرنى ئۆزىگە دائىمىي ھەمراھ قىلىۋېلىشقا چاقىرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەكسى تەرىپى بولغان ئاچ كۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك، ھاماقەتلىك، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك، كونسېرۋاتىپلىق قاتارلىق

[1] ئابدۇرېھىم سابىت «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى، 25 ـ بەت.

يامان ئىللەتلەرنىمۇ قاتتىق قامچىلاپ، كىشىلەرنى بۇنداق ئىللەتلەردىن يىراق بولۇشقا، بۇنداق خىسلەتلەرنى يوقىتىۋېتىۋالغان كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىگە نەپرەتلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشىغا، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇپ ئادىمىي خىسلەت بىلەن ياشاشقا ئىنتىلىشكە دالالەت قىلىدۇ. زاماننىڭ بىمۇرۇۋۋەتلىكى، يولسىزلارغا يول ئېچىپ، يوللۇقلارنى يولدىن توسىدىغان تەتۈرلۈكى ئۈستىدىن قان ـ ياشلىق شىكايەت قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1) ئەقىل ـ بىلىم ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسى ۋە ئۇنى ئەمەلدە ئىشلىتىش مەسىلىسى: ئەقىل ـ بىلىم ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسى ۋە ئۇنى ئەمەلدە ئىشلىتىش كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا باشتىن ـ ئاخىر خۇددى بىر قىزىل يىپتەك ئىزچىللاشقان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولساق، مەيلى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە بولسۇن، مەيلى يازما ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن بۇ تېما ئىزچىللىقىنى زادى ئۈزۈپ قويمىغان. خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە «بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر» دېگەن ماقال بار. يازما ئەدەبىياتىمىزغا دىققەت قىلىدىغان بولساقمۇ، كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يازما بىتىكلەردە بىلىملىك كىشىلەر (خاقانلار)نىڭ ئەلنى، ۋەتەننى روناق تاپقۇزغانلىقى، ئەكسىچە بىلىمسىزلەر (خاقانلار) ئەلنى خانىۋەيران قىلغانلىقى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتلار بار. قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرىي ئەسەرلەردە بۇ ھال تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بىلىملىك كىشى بىلىگە تاش قىستۇرۇۋالسا، ئۇ قاشتېشىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى، بىلىمسىز كىشىنىڭ بىلىگە قاشتېشى قىستۇرۇۋالسا، تاشقا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى سۆزلىنىش ئارقىلىق، بىلىمنىڭ خاسىيىتى ئۇلۇغلانغان. قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىي ۋە

ئەھمەد يەسسەۋى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بىلىم ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتلار يېزىلغان. نەۋائىي دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي مەزگىللەردە ئوتتۇرىغا چىققان نادىر نەمۇنىلەردىمۇ بىلىم، ئەقىل ـ ئىدراك، ئەخلاقىي ـ پەزىلەت كونكرېتلىققا ئىگە قىلىنىپ، كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق رېئاللىققا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئالىم ئابدۇقادىر داموللام كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بۇ خىل ئىدىيىنى زامانىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك، ئاكتۇئال تېمىغا ئايلاندۇرۇشتا ئىجادىي يول تۇتقان. ئالىمنىڭ قارىشىچە، ئەقىل ـ بىلىم ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسى ئىنسان ئۈچۈن ئاش ۋە ناندىنمۇ زۆرۈر بولۇپ، ئىنسان خار ۋە زەبۇنلۇقتىن، پەقىر ۋە مىسكىنلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئەقىل ۋە بىلىمنى ئىشقا سېلىشى، ئەقىل ۋە بىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى سائادەتكە ئىگە قىلىشى، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن ئادىمىي ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىش ۋە شۇنداق قىلىش لازىم. ئاپتور:

پەزىلەت كۆپ ئېرۇر بۇ ئالەم ئارا،
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇل ـ ئەلا.

ئىلىمدىن غەيرىسى ئەمەستۇر بايلىق،
ئىلىم ـ كان، قازغانغا تۈگىمەس ئەسلا.

دەپ يازغىنىدا، ئىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى زۆرۈر رولىنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، ئىلىم ئىنساننى ئۇلۇغ ئارزۇ ـ مەقسەتلەرگە يەتكۈزىدىغان مۇھىم بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئالىمنىڭ قارىشىچە، پەقەت ئىلىملا ئىنسانغا مەڭگۈلۈك نىجاتلىق ئاتا قىلىدۇ. بىلىملىك ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇ ھامان بىلىمى بىلەن ھايات. جاھىللار ھايات ياشىغان تەقدىردىمۇ جاھىللىقى بىلەن مەڭگۈلۈك ئۆلۈك. ئالىم

www.uyghurkitap.com

11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى شائىر ئەھمەد يەسسەۋى يىرگەنگەن نادانلىق توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ: «ئەي ياش، ئىلىم ئۆگەن. چۈنكى نادانلىق نومۇس، نادانلىق كەلتۈرگەن زۇلۇمغا پەقەت ئېشەكلا رازى بولىدۇ. سەن ئادەم ئىكەنسەن بىلىم ئۆگىنىپ ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئادىمىي سۈپەتتە ياشا» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىلىم بىلەن ئەخلاقىي پەزىلەت قوشكېزەك خىسلەت، ئۇ ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك زىنىتى دەپ تونۇغان شائىر بۇ ماۋزۇنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە پەزىلەت ئىگىلىرى ئاغزىدىن:

بەخش ئەت جېنىڭغا پەزىلەتتىن كۈچ،
جىسىم ـ ياق، جاندىدۇر ھاياتتىن نىشان.

دەپ يازىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەمدە جان ـ روھ بولمايدىكەن، ئۇ بىر دۆۋە گۆشتىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ گۆش دۆۋىسىگە ئادەم دېگەن تۈيغۇنى ئاتا قىلىۋاتقان نەرسە نېمە؟ ئۇ ھاياتلىقنىڭ، ئادىمىيلىكنىڭ نىشانى روھ ـ جان. 15 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر شائىر مەۋلانا لۇتفىي كىشىلىك ئەخلاقىي قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان لىرىكىسىدا:

نىگارا سەنسىزىن مەندىن نە ھاسىل،
ئەگەر جان بولماسە تەندىن نە ھاسىل.

دەپ يازغان ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا بۇ تېمىنى تېخىمۇ كونكرېتلىققا، تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا يۈزلەندۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۆزىنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرۈشكە دالالەت قىلىدۇ. ئارقىدىنلا ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى گۈزەل ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئىنسان ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزگە ئوخشاش مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى

كۆزلەپ ياشىمىقى لازىم. شۇڭا، ئۇ ھامان يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ ياخشى ئىشقا مايىل بولمىقى لازىمدۇر. ياخشىلىقنىڭ ئۆرۈقىنى چېچىش ئىنساننىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ. كىم ئۆرۈق چاچسا، ھوسۇلنى شۇ يىغىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئالىمنىڭ بۇ خىل قارىشى زامان رېئاللىقى بىلەن ماس قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇپ ياشاشقا ئۈندەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تېمىدا شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئالىم كېيىنكى بېيىتلىرىدا بۇ خىل قاراشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىپ، ئىززەتنى ئىززەت بىلگەنگە، ھۆرمەتنى ھۆرمەت كۆتۈرەلىگەن ئادەمگە قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

ئۇلۇغنى ھۆرمەتلە، ئۇلۇغقا شاھسەن،
يامانىنى كۆتۈرمەك قۇتراشتىن دېرەك.

باسالماس ئىھساننىڭ ئورنىنى قىلىچ،
قىلىچ ھەم بولالماس ئېھسان، بىل زېرەك.

يامانغا يېلىنساڭ ھەددىدىن ئاشار،
يۈرەكلىك بولساڭلا، باش ئېگەر ساڭا.

چۈنكى ئوت قۇيۇچنى مومدەك يۇمشىتار،
مىڭ دەريا سۇيىمۇ كار قىلماس ئاڭا.

ئالىمنىڭ بۇ قاراشلىرىدا تەھقىقكى، زۇلۇمنىڭ تەختىنى ئادالەت قىلىچى بىلەن گۇمران قىلىپ، يامانلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك. يامانلاردىن سىلە ـ رەھىم كۈتۈش قۇلچىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ. بەرھەق، خەلق ئارىسىدا «ئېشەكنى ئۆيگە باشلىساڭ تۆرگە تېزەكلەيدۇ» دېگەن تەمسىل بار.

www.uyghurkitap.com

2) سۆزنى توغرا، دەل جايىدا، ئۇنۇملۇك ئىشلىتىش، ئارتۇقچە، بىھۇدە سۆزلەشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

بىزدە «تىل دىلنىڭ ئەينىكى» دېگەن گەپ بار. ئۇ كۆڭۈلدە نېمە بولسا تىلدا شۇ ئىزھار قىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. توغرا سۆزلۈك بولۇش، تىل بىلەن تىكەن تېرىماي، ئەدەپلىك، مۇلايىم بولۇپ، كىشىلەرگە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. شائىر ئابدۇقادىر داموللام تىل توغرىسىدا توختالغاندا سۆزنى قائىدىلىك قىلىش، قائىدىسىز سۆزلەپ، مەنىنى ئۇقتۇرالماي قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش؛ كەم سۆز ئەمما، توغرا سۆزلۈك بولۇش، سۆزدە كەسكىن بولۇش، سۆرەلمىلىك قىلىپ تىلنى چايناشتىن، ئۇزۇن، مەزرىسىز سۆزنى قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدا پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر» دېگەن ئىدى. مەشھۇر شائىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىمۇ تىل توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەن. شائىر ئابدۇقادىر داموللام تىلنى گراماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيىتى بويىچە سۆزلەشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ:

نۇتۇقنى مەنتىقە، نەھۇگە ئۇيغۇن،
كەلتۇرسەڭ، بولمايسەن ھېچ ئىشتا سۇلغۇن.

دەپ يازىدۇ. ئۇ: «ئەقىل بولسا ئادەم ئۇچۇن زىنىنەت، كەم سۆزلۈك سالامەتلىك (ھاياتلىقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى)، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن ئورۇنسىز سۆزدىن قەتئىي تۇردە ساقلىنىش لازىم. سۈكۈت قىلغىنىغا پۇشايمان قىلمىغان ئالىم ئورۇنسىز بىر سۆزگە مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلىدۇ» دەپ يازىدۇ. شائىر تىلنى ئىشلىتىشتە كەم سۆزلۈكنىڭ پايدىسى ئۈستىدە يۇقىرىقىلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن سىرت، بىھۇدە سۆزلەپ قويۇشتىن ساقلىنىمەن، دەپ دەل ۋاقتى ۋە ئورۇنىدا كەلگەن سۆزنى ئىپتىماسلىقتىن ساقلىنىش ئۇچۇن يەنە

سۆزلەيدىغان ئورۇنــنى تاپــقاندا چوقــۇم كەڭتاشا ســۆزلەش، سۆزلەشــكە تېگىشــلىك ياخشــى ســۆزلەرنى تاپــقاندا ھەرگـــىز ئاياپ قالماســلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

3) ئارتۇقچــە مــال ـ دۇنياغــا بېــرىلىش، خەسىســلىك، ئــاچ كــۆزلۈك قىلىــش ئىنســان ھــۆرمىتىنى دەپســەندە قىلىدىغــان ناچــار ئىللــەتتۇر. ئابدۇقادىر داموللام ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلغاندا، شەخسىيەتچىلىك ۋە دۇنياپەرەسلىكنىڭ زىيادىلىشــىپ، ئۆزئــارا مېھىــر ـ مۇھەببــەت ۋە كۆيۈنۈشــنىڭ تۆۋەنلــەپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. نۇرغۇنلىغان يېتىم ـ يېسىرلەر ياتارغا ماكانى، يېيىشكە تائامى يوق ئاچ ـ زېرىنلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، زەردار بايلار، پارىخور ئەمەلدارلار ئۇلار بىلەن قىلچە كــارى بولمــاي، ئــۆز نەپسى ئۈچــۈن بولمىغــۇر ئىشــلار بىلــەن مەشــغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بۇ خىل ئىللەتنى چوقۇم تۈزىتىشــنىڭ زۆرۈرلۈكىــنى ھــېس قىلغــان. ئابدۇقــادىر داموللامنىــڭ قارىشىچە، پۇل، مال ـ دۇنيا كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ۋاقىتلىق نەرسە بولۇپ، ئۇنى توغرا يولغا ئىشلەتمىگەندە، ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمــايدۇ. مــال ـ دۇنياغــا بېــرىلىش ئــادەمنى ھالاكەتكە ئېتتىرىدىغــان نەپسانىيەت يولى بولۇپ، ئۇ ھامان ئادەمنى نابۇت قىلماي قالمايدۇ.

قىســقىغىنە ھايــاتىدا نۇرغــۇن ئەللــەرنى بويىســۇندۇرۇپ، جاھانغــا تونۇلغان، نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولغان پادىشاھ ئىسكەندەر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان چېغىدا ئەتراپىدىكىلەرگە ۋەسىيەت قىلىپ تاۋۇتتىن ئىككى قولىنى چىقىرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغانىكەن. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى شۇنچە كۆپ بايلىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۇنياغا قۇرۇق قول قايتىۋاتقانلىقىنى، مال ـ دۇنيانىڭ ئۇ دۇنيادا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھەم ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولغانىدى. ئابدۇقادىر داموللام ئۆز ئەسىرىدە بۇ مەزمۇننى كونكرېتلىققا ئىگە قىلىپ:

ئۆتكەن كۈنى ئالىقانىنى ئوچۇق تۇتۇشى،
«كۆردۈڭلارمۇ، قۇرۇق قول مەن» دېگەن ئىشارەت.

دەپ يازىدۇ.

4) ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئەسەردىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتىنى ئۈچۈن ئەزىز جېنىدىن ۋاز كېچىشكە ھەمىشە تەييار تۇرۇش كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەبەدىيلىك تېمىلارنىڭ بىرى. بۇ تېما ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان مەزمۇنلار بىلەن زىچ بىرىكىپ، كىشىلەرگە ۋەتەننى سۆيۈشتىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئۆگىتىپ كەلدى. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۇلكە ئۆز ئىنىگە ھۇرسە قوتۇر بولۇر» دەپ يازغان ئىدى. ئۆز ئىنىگە ھۇرسە قوتۇر بولىدىغان تۇلكە ئاللىگورىيىلەشكەن ئادەم بولۇپ، ئۇ ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرىگەندە نەس باسىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشنىڭ كۆپ خىل يولىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، چەت ئەللەردە زىيارەتتە بولۇش ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىدە يېڭىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش؛ بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىشلىتىش، ناچار ئىللەت، يامان ئادەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، ۋەتىنى ئۈچۈن يېڭى قىياپەت پەيدا قىلىش؛ خەلقنى سۆيۈش قاتارلىقلار ۋەتەنپەرۋەرلىك جۈملىسىدىن ئىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنسان روھى ئۆمۈرتقىسىغا ئوخشاش كىشىنىڭ كىشىلىك قەدرىنى ئاساسقا ئىگە قىلىدىغان، ئۆز ۋەتىنىدىكى تۇرلۇك نەرسىلەر، شەيئى ـ ھادىسىلەردىن ئېستېتىك لەززەت ئېلىشقا، مۇشۇنداق گۈزەل، پارلاق ۋەتەننىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈشكە، پەخىرلىنىشكە، ئۇنىڭدىن ئابروي ۋە ئىززەت تېپىشقا ئۈندەيدىغان مۇھىم ئاساس. ئۇنىڭ ئۈچۈن تىنىم تاپماي

ئىشلەشكە، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئىنسانىي خىسلىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئابستراكت ئۇقۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىپادىلەنگەندە كونكرېتلىققا ئىگە بولىدۇ. ئابستراكتلىقنى كونكرېتلىققا ئايلاندۇرۇش نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش جەريانى بولۇپ، ئۇ ۋۇجۇددىكى ۋىجدانەن تۇيغۇ، ھېسسىيات، چۈشەنچە ۋە جۈرئەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ بىرى كەم بولسا نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە ئايلىنالمايدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى ۋە «مىفتاھۇل- ئەدەب» تىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شائىر ئەمەلىيىتى بىلەن ۋەدىسى زىچ بىرلەشكەن، ئېغىزدا ئېيتقاننى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە تىكلىگەن بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر زات. شۇڭا، ئۇ:

يۇرتۇم ئەزىز، زۇلمىنى ھەم راھەت دەيمەن،
قەۋمىم جاپاسىدۇر ۋاپا، قەدىرلەيمەن.

دەپ، ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى چىن قەسەمنى دادىللىق بىلەن ئىپادىلىيەلىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھى ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ بولغان.

5) ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت ئەسەردە زوق - شوق بىلەن كۈيلەنگەن. ئىسلام ئەقىدىلىرىدە مۇھەببەت بىر ئاللاغىلا باغلانغان بولۇپ، ئاپاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە سوپىزم كۈچلىرىنىڭ ئەدەپ كېتىشى بىلەن مۇھەببەتنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تېخىمۇ كىچىكلەپ ئاتا - ئانا، ۋەتەن، ئىنسانىي تۇيغۇ ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىشقى مۇھەببەت بىر قەۋەت قېلىن پەردە ئىچىگە يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. 19 - ئەسىردە ئابدۇرەھىم نىزارى ۋەكىللىكىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم كۈچلىرى مۇھەببەتنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئاجايىپ قۇدرىتىنى

بەدئىي ئەدەبىياتتا كۆرسىتىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇنىڭغا ئەدەبىياتتىمۇ بەلگىلىك ئورۇن بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. بۇ تېما كېيىنكى شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئورۇن ئېلىپ، ئىنسان بولغانىكەن، ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەتنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى، ئۇمۇ ئىنسان بىلەن بىرگە ياششى لازىملىقىنى ئەمەلىي يوسۇندا ئىپادىلىدى ۋە دادىللىق بىلەن ئۇنى فېئوداللىزمنىڭ ماھىيىتىنى، فېئوداللىق ئائىلە - نىكاھ تۈزۈمىنىڭ چىرىك ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشنىڭ ئەپلىك قورالى قىلدى.

ئابدۇقادىر داموللام «مىفتاھۇل - ئەدەب» تە بۇ تېمىغا ئالاھىدە ئورۇن ئاجرىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەتنى ھەرگىزمۇ چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، بۇ ھەقتىكى خۇراپىي قاراشلارغا كۈچلۈك رەددىيە بەردى. شائىرنىڭ قارىشىچە مۇھەببەت دېگەن بۇ تېما ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەتتىن باشقا يەنە بىر - بىرىگە بولغان كۆيۈنۈش، ۋاپادارلىق ئاساسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مېھىر - مۇھەببەت بىر قەلبنىڭ ئىككىنچى بىر قەلبكە قارىتا چۈشىنىشى، توغرا باھاسى، ھۆرمىتى ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان بىر خىل مەنىۋى پائالىيىتى بولۇپ، ئۆزئارا ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشنىڭ ئاساسى. بۇ ئاساسنى تېخىمۇ پۇختىلاش ئۈچۈن كىشى ئەڭ ئەۋۋال ئۆزىنى چوڭقۇر كۆزىتىشى، ئۆزىنى چۈشىنىشى، ئاندىن باشقىلارغا توغرا باھا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

قەبىھ ئىش، ئۆز ئەيىبىنى ئۇنتۇپ كەتمەك،
خەقنىڭ پىنھان نۇقسانىنى ئاشكار ئەتمەك.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەم يەككە ھالدا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىشى، ئىنسانلىقنى تونۇيالىشى ناتايىن. لېكىن، ئۇ ئۆزىدىن

باشقا يەنە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچىدىن ئارتۇق كىشى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلاشقاندىلا ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ ۋە ئىنسانىيلىقنى تونۇتالايدۇ. بۇ ھەم كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئاساسى بولسا، ھەم يەنە ئىنساني ئىشق - مۇھەببەتنىڭ شەكىللىنىشى، ۋايىغا يېتىشى ۋە ئارقىدىن مېۋە بېرىشىنىڭ تۈنجى قەدىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ئەسەردە ئىنساني ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بۇ تەرىپىنى توغرىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت بىر - بىرىنى چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلسا، ئاندىن ئۇ ئىنساني ئىشق - مۇھەببەتكە يول ئاچىدۇ، دەپ قارايدۇ. شائىرنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى بايانلىرىدا ئەڭ ئاۋۋال چۈشىنىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشى تەبىقىچىلىك قارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، باي بىلەن كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ناھايىتى كەڭ تاشلانغان ئاشۇ زاماندا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، يۈكسەك باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر كىشىلىك مۇناسىۋەت ئاساسىدىكى ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنى توغرىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولغان ئىنساني ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىغا كۆچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىپ، ئىنسان بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇشى لازىم، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، ئەسەردە بەزى مەسىلىلەر دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم قاراشلىرى ئاساسىدا تەھلىل قىلىنغان. زاماننىڭ زىددىيەتلىك ھالىتى چۈشەندۈرۈلۈپ، زىددىيەتنىڭ تەرەققىياتتىكى رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىسى تاربىسى

# ئۆسمۈرلۈك تەربىيىسى ــــ ھاياتلىق ئىززىتى

ھاياتنىڭ ئىززىتى ھاياتىيلىقتىن باشلىنىدۇ. ھاياتىيلىق ئادەم ھاياتىدىكى بىردەملىك جەرياننىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئۇ تەربىيە ۋە تەلىم، ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن مەزگىللىك مۇرەككەپ جەرياندا شەكىللىنىدىغان مۇھىم بىر ئەنگۇشتەر.

دۇنيادا مۇنداق ئىككى خىل ئادەم بار. بىر خىلى كىچىكىدىن تارتىپلا مەلۇم بىر نەرسىگە قىزىقمايدۇ، بىرەر مەسىلىگە ياكى مەلۇم بىر ھادىسىگە دۇچ كەلسە كۈچ سەرپ قىلماي، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشنى كۈتىدۇ، ئۇنىڭغا تەلمۈرىدۇ. يەنە بىر خىلدىكى ئادەملەر بولسا، ئەستايىدىل ۋە سەممىي بولۇشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ھەرىكەت مىزانى دەپ بىلىپ، ھەربىر يولۇققان، دۇچ كەلگەن مەسىلە ۋە ھەرىكەتتە ئۆز كۈچىنىڭ جارى قىلىنىشىنى، ئىقتىدارىنىڭ نامايان بولۇشىنى ئىستەيدۇ. ئىككى خىل ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۆز ۋۇجۇدىدىكى غەيرەت ـ جاسارەتنى سەرپ قىلىشنى ۋىجداننىڭ بۇيرۇقى، ئۆز رولىنىڭ جارى قىلىنىشى دەپ بىلىش بىلەن، باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان ئىش ـ ھەرىكەت ئوخشاشلا ئىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى دەپ قاراشتىن ئىبارەت.

ئوغلۇم، قارا! نېمە ئۈچۈن ئۇلار شۇنداق قىلىدۇ؟ بەزى ئادەملەر ناھايىتى قەيسەر بولۇپ، قەيسەر روھى ۋە ۋىجدانى بىلەن ۋۇجۇدىنى ئاسانلا يالقۇنغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار گويا كۆمۈر ياكى قۇرۇق ئوتۇنغا ئوخشاش بولۇپ، بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە سۈركىلىپ لاۋۇلداپ ئوت ئالدۇرۇشىغا موھتاج. ئۇلارغا ئوت تۇتاشسىلا ئىسسىقلىق تارقىتىدىغان يالقۇنغا، قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدىغان نۇرغا ئايلىنالايدۇ. غەيرىتىگە غەيرەت،

جاسارىتىگە جاسارەت قوشۇلۇپ، ۋۇجۇدى «چوغ» قا ئايلىنىدۇ. ئاشۇ «چوغ» ئارقىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچالايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ چاقماق ياكى سەرەڭگە ئارقىلىق يالقۇن بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىسە، بىر ئۆمۈر ئوتۇن ياكى كۆمۈر پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. يەنە بىر خىلدىكى ئادەملەر بۇنداق «چوغ» بولۇشنىمۇ خالىمايدۇ. باشقىلارنىڭ «چوغ»ى بىلەن تەرلەپ ئۆتۈشنى هاياتلىقنىڭ ئاساسى قىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئەنە شۇنداق سەرەڭگە، چاقماقنىڭ ياردىمى بىلەن «چوغ» قا ئىگە بولۇشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئادەم هاياتىدا «چوغ» قا ئايلىنىش ئۈچۈن سەرەڭگە، چاقماق بولىدىغان مۇهىم ئامىل ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، مەشهۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىهالى، ياخشى مەزمۇنلۇق بىرەر پارچە كىتاب، بىرەر كىنو، ۋەقە، بىرەر دوستىنىڭ پايدىلىق بىر نەچچە ئېغىز سۆزى، بىرەر مۇئەللىمنىڭ كۆرسەتمىسى، بىرەر قېتىملىق كۆڭۈللۈك سەپەر، بىرەر مەيدان سۆهبەت، ياكى بىرەر كۈتۈلمىگەن ۋەقە ـ هادىسە بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار شۇ هامان تەسىر كۆرسىتەلمىگىنى بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە كىشىلەرنىڭ بىلىمى ياكى كەسپىكە بولغان قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇنىڭغا ئالغا بېسىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكەنلىرى يۇقىرىقىدەك مۇهىم ئامىللارنىڭ تەسىرى تۇپەيلى بىر كۈندىلا ئويلىمىغان يەردىن ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز ئېيتىۋاتقان مانا مۇشۇ «چوغ» ئادەمنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ۋۇجۇد تەختىگە ئىزناسىنى سالسا، كېيىنكى هاراريتى ۋە يورۇقى شۇنچە كۈچلۈك، شۇنچە نۇرلۇق بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام پەرزەنتكە بولغان تەربىيىنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ ساپاسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي رەۋىشتە تونۇغان.

ئائىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ساپاسى بىلەن

زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئائىلىنىڭ تۇنجى تەربىيىچىسى بولغان ئانىنىڭ رولىغا سەل قاراش، ئاياللارنى كەمسىتىش، قىزلارنىڭ ئوقۇشى ۋە ياكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى تۇرلۇك قىزنىقىشى، پائالىيەتلىرىگە ئېتىبار بەرمەسلىكنى تۈگىتىش ۋە تۈزىتىش ئابدۇقادىر داموللام ياشىغان ئىجتىمائىي شارائىتتىكى ئىلغار ئىدىيىلىك تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالغان. بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كىشىلەر ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى رولىنى پەقەت ئاش ـ تاماق ئېتىش، ئەرلەرنى كۈتۈش، بالا تۇغۇش ۋە ئۇنى بېقىش دەپلا قارىغانىدىكى، ئانىنىڭ سالامەتلىكنى ئاسراش جەھەتتىكى قىلغان ئەجرىنى كۆزگە ئىلمىغان، ئانىنىڭ بالا تۇغۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى بىلگەنۇ، ئۇنىڭ بالىنىڭ قورساقتىكى چاغدىكى تەربىيىچىسى، تۇغۇلغاندىن كېيىنكى جىسمانىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە ئېتىبارسىز قارىغان. ئابدۇقادىر داموللام ئاياللار، قىزلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا مۇئەييەن ئادىمىي خىسلەت بىلەن نەزەر تاشلىغاندا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدە رولىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام «نەسىھەتى ئاما» دا مۇنداق يازىدۇ:

«ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوزغىتىشىمىز، (نۆۋەتتە) خوتۇن ـ قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم. چۈنكى كىچىك بالىلار نادان، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى تەستۇر». ئابدۇقادىر داموللام ئېيتىۋاتقان بۇ مەسىلىدە، ئالدىنقى شەرت بالىنىڭ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى ۋاقتى كۆزدە تۇتۇلۇۋاتىدۇ. ئۇ دەيدۇكى، ئەگەر ئانا بالىغا بولغان تەربىيىنى كىچىكىدىلا كۈچەيتمىسە، ئۇ ھالدا كېيىنكى تەربىيە ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلمايدۇ، ئۇنۇمى بولمايدۇ. قەدىمكى زاماندىن تەۋەررۇك قالغان مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھېكايەت بار: بۇرۇنقى زاماندا

بىر ئوغۇل دادىسىدىن كىچىك قېلىپ، ئانىسىنىڭ قولىغا قاپتۇ. بالا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتكىچە كىشىلەرنىڭ بىر باش چامغۇر، سەۋزە، تۇرۇپلىرىنى ئوغرىلىقچە يۇلۇپ ئۆيگە ئەكىرىدىكەن. ئانا مېھنەتسىز كىرگەن بۇ نەرسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆيگە كىرگەنلىكىنىمۇ بالىدىن سورىمايدىكەن ۋە بالىنىڭ باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىشىنى توسمايدىكەن. بالا بۇ ئىشنىڭ ئائىلىنىڭ غېمىنى كۆتۈرۈشتىكى بىر ئەپلىك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەسلەپتىكى سەۋزە، چامغۇر، تۇرۇپتىن كىشىلەرنىڭ توخۇ كاتىكىدىكى تۇخۇمىغا كۆز ئالايتىپتۇ. بۇ ئىش دەخلىسىز بولغاندىن كېيىن، توخۇلىرىغا كۆز ساپتۇ. بۇلارمۇ ئانىنىڭ ھېچبىر توسۇشىغا ئۇچرىمىغاندىن كېيىن، چوڭ ـ چوڭ نەرسىلەرگە قول ئۇزىتىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئىچىنى ساپتۇيۇ، تۇتۇلۇپتۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ قانۇنى بويىچە ئوغرىلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدىكەن. بالا دارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە، شاھقا يېلىنىپ تۇرۇپ، ئانىسى بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشۈۋېلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىلتىماس تەستىقلىنىپ، ئانا دەرھال بالىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. بالا ئانىسىغا: «مېھرىبانىم ئانا! ئەقلىم يېتىلگىچە باغرىڭدىن سۈت ئېمىپ، ئەقلىم يېتىلگەندىن كېيىن خاھىشىڭ بويىچە چوڭ بوپتىمەن. ھەممە مېھرىڭدىن قاندىم. بىراق، تىلىڭنىڭ مېھرىگە قانالمىدىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىۋاتىمەن. ئۆمۈر دېگەننىڭ مۇشۇنچىلىك مەنىسىز، قەدىرسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن. بىھۇدە ئۆتكەن ئۇمرۇمگە ئېچىنماسلىق، تىلىڭدىكى مېھرىڭدىن قېنىۋېلىش ئۈچۈن تىلىڭنى بىر شورىۋالسام» دەپ يېلىنىپتۇ. ئانا رازىمەنلىك بىلەن بالىغا يېقىنلىشىپ، بالىنىڭ ئاغزىغا تىلىنى ساپتۇ. شۇ ئان بالا ئانىسىنىڭ تىلىنى گاچچىدا چىشلىۋاپتۇ. ئانا ۋايجانلاپ، چىرقىراپ كېتىپتۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگەن شاھ بالىدىن بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. بالا ئۆمرىدە قىلغان ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ، مۇشۇ دار ئالدىغا ئانىسىنىڭ تەربىيىسىنىڭ ياخشى

بولمىغانلىقى سەۋەبلىك كېلىپ قالغانلىقىنى، ئانا ئۆزىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ مۇشۇنداق ناچار قىلىقلاردىن، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ، ياخشى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان بولسا، مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادشاھ بالىنىڭ ئەقلىدىن ھەيران قاپتۇ.»

چۆچەكتىكى ئىبرەتتىن مۇنداق ئىككى نۇقتىلىق يەكۈنگە ئېرىشىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئانىنىڭ بالىغا بولغان تەربىيىسىنىڭ موھىملىقى. يەنە بىرسى، ئانىنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى رولى. ئانا بالا ئۈچۈن مۇھىم بولغانغا ئوخشاش، ئانا جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ مۇھىم. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولسا، مۇقەررەركى بالىسىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ياخشى تەربىيىلەنگەن بالا جەمئىيەتتىمۇ بەلگىلىك ياخشى تەسىر پەيدا قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، ئىتتىپاق، ساپالىق جەمئىيەت بولۇپ چىقىشىغا بەلگىلىك ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. «بالا تۇغۇشنى ھايۋانمۇ بىلىدۇ» دېگەندە، تەربىيىسىز تۇغۇلغان ۋە تەربىيىسىز ئۆسۈپ يېتىلگەن بالا ھايۋاندىن تۇغۇلغانغا باراۋەر دېگەن يەكۈن چىقىدۇ. ھەزرىتى لوقماننىڭ «ھەممە يۈكنى كۆردۈم، ئەمما بۇرچتىن ئېغىرراق يۈكنى كۆرمىدىم» دېگىنىنى ھەممىمىز ئىنساني بۇرچتىن ئىبارەت بۇ ئىشتا، ئانىنىڭ بالىغا بولغان تەربىيىسىمۇ بار، دەپ چۈشەنسەك مۇبالىغە بولماس. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ئىلىم ئۆگەنمەك قىز ۋە ئوغۇلغا پەرز» دېگەن كەلىمىنى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي خاھىشى ۋە يۈزلىنىشى سۈپىتىدە چاقىرىق قىلىشى، جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئىدى. چۈنكى، نى ـ نى باھادىر ئەزىمەتلەر، نى ـ نى نوپۇزلۇق خان ـ خاقانلار، نى ـ نى داڭدار ئىلىم ـ ھېكمەت ئالىملىرى دەسلەپكى تەربىيىنى ئانىسىدىن ئالغان. پېداگوك ماكارېنكو: «بالىلىرىمىز بىزنىڭ قېرىلىقىمىز، ياخشى تەربىيە بىزنىڭ بەختلىك قېرىلىقىمىز، يامان تەربىيە بولغۇسى غەم ـ ئەلەملىرىمىز، كۆز ياشلىرىمىز، باشقا ئادەملەر ئالدىدىكى، پۈتۈن مەملىكەت ئالدىدىكى ئەيىبىمىز دېمەكتۇر» دەپ يازغىنىدا، بالىغا بولغان تەربىيىنىڭ

كەلگۈسىمىزدىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. ئابدۇقادىر داموللام بۇزۇلغان جەمئىيەتنى ئوڭشاش، تاپتىن چىققىپ كەتكەن ئەخلاقنى ئىزىغا سېلىش، كىشىلىك ئىززەت ۋە ئادىمىي ئەخلاق تىكلەنگەن ئىناق، بەختىيار جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۇجەيرىسى بولغان ئائىلىدىن، ئائىلىدە بولسا ئەڭ ئاۋۋال ئانىنىڭ رولىدىن باشلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋە چۈشەنگەن. جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئائىلىدىن، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى ئەر ۋە ئايالنىڭ ئائىلىدىكى باراۋەرسىزلىكىدىن سىرت، ئائىلە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى، ئاياللارنىڭ سىرتقى مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىشىنىڭ يېتەرسىزلىكى، شۇ تۇپەيلى ھۇرۇنلۇق ۋە ئاڭقاۋلىقا بېرىلىپ، تەييارغا ھەييار بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرنى يېتىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئۆزگەرتمىسە چوقۇم بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن. ئۇنى ئوڭشاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، يېڭىچە پەننىي مائارىپنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، قىزلارغىمۇ ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىپ، ئۇلارنىمۇ دۇنيادىن خەۋەردار قىلىش دەپ چۈشەنگەن. چۈنكى، ھەر قانداق ئادەمدە تالانت بار. ئىقتىدار بار، قىزىقىش ۋە ئىختىرا قىلىش روھى بار. مانا مۇشۇ خىل روھ بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، ئادەم بەدىنىدىكى «چوغ»دىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ «چوغ» نى ھەقىقىي تۇردە يالقۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بايقاش، يېتەكلەش، رىغبەتلەندۇرۇش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار جەريانلار لازىم بولىدۇ. بۇ جەريان قايسى تەرەپتىن ئىجرا قىلىنىدۇ؟ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەڭ ئاۋۋال بايقاش لازىم. مانا بۇ بايقاش تەڭ ياشلىق باللارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە روشەن كۆرۈلىدۇ. بىر قىسىم قىزلاردا بولغان ئالاھىدىلىك بىر قىسىم ئوغۇللاردا كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنى كونچە مائارىپ بايقىيالمىدى، ھەم بايقىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە مائارىپ ئىسلاھاتىنى يولغا قويغاندا، قىز - ئوغۇللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، جىنس ئالاھىدىلىكى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە

ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ، يېتەكلەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانىدى. بىز ھازىر ئېيتىۋاتقان ساپا مائارىپى دېگەننىڭ دەل ئۆزى مۇشۇ. ھەممە ئادەم ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرسا، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسا، باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويمىسا بۇ ئائىلە ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق. دېمەك، قىزلار كىچىكىدىن ياخشى تەربىيىلەنسە، كەلگۈسى ياخشى پەرزەنت دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. ئۆسمۈرلۈك تەربىيىسى — ھاياتلىق ئىززىتى دېگەن مانا شۇ!

دېمەكچىمەنكى، قىز ۋە ئاياللارغا تەربىيىلىنىش شارائىتى ھازىرلىنىدىكەن ئۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە بولىدىكەن، ئائىلىنىڭ، پەرزەنتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ روناق تېپىشىدىن ھەرگىزمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا ئايالىمىزدىن، پەرزەنتىمىزدىن، جەمئىيەتتىن نارازى بولۇش مۇقەررەركى ئۆزىمىزنى ئوچۇق كۆرگە ئىتتىرگەن بىلەن باراۋەر. ئابدۇقادىر داموللام كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى بولغان، ئانا بولغۇچى قىزلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلگەندە، مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تونۇپ يەتكەن. قىزلارمۇ ئادەم بولۇپ تۆرەلگەن ئىكەن، دۇنيانى كۆرۈشى، بىلىشى، چۈشىنىشى لازىم، ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى تەربىيىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش، شارائىتقا ئىگە بولۇش دەپ قارىغان. بۇ ئەينى دەۋردە يىراقنى كۆرىدىغان، ئىنسانىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى تەرەققىياتتىن ئىزدەيدىغان، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى. داموللامغا بولغان ئىخلاس، ھۆرمەتنىڭ مەنىسىمۇ مانا مۇشۇنىڭغا مۇجەسسەم بولغان.

ئوغلۇم، مەرھۇم داموللام ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولدۇڭ. مەرھۇمنى، ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى، ھاياتنى ھاياتىيلىققا ئىگە قىلغان مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى خېلى ئوبدان چۈشەندىڭ. ئەمدى شۇنىمۇ بىلىشىڭ كېرەككى، ئادەم قۇلاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن دېگەن گەپ بار. ئوقۇغانلىرىڭغا ئەمەل قىل! نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭنى، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىڭنى بىلىپ قىل. سالىھلارنىڭ نەسىھەتلىرىدىن نېرى بولما!

ياخشى كىتابلارنى ئۆزۈڭگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ دەپ بىل، ياخشى ئاسراپ ساقلا. ئوقۇغانلىرىڭدىن خاتىرە يېزىشقا چوقۇم ئادەتلەن، بۇ ئادىتىڭنى تاشلىما.[1] مېنىڭ ئېيتقانلىرىم ئۆزۈمنىڭ دۇنيا قارىشىم، شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا چۈشەنچەم ئاساسىدا بولدى. ئۇنى سېنىڭ بىۋاسىتە قوبۇل قىلىشىڭنىمۇ تەلەپ قىلمايمەن. ئۇنى سېنىڭ چۈشىنىشىڭ، بىۋاسىتە قوبۇل قىلىشىڭ يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ دۇنيا قارىشى. ئەينى دەۋرنىڭ كونكرېت شارائىتىنى چۈشىنىشىڭ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئېيتقانلىرىمدا سەۋەنلىك يوق دېيەلمەيمەن. تەپەككۇرۇڭدىن ئۆتمىگەن سەۋەن قاراش دەپ بىلگەن تەرەپلەر بولسا پىكرىڭگە موھتاجمەن. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالىمنىڭ كىتابلىرىنى ساقلىغان، مۇشۇ ھەقتە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچىلارغا شۇنداقلا داموللامنىڭ ھاياتىدىن بىۋاسىتە ئۇچۇر بەرگەن داڭلىق جامائەت ئەربابى، يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. كىتابچىلىرىمىزنىڭ پات يېقىندا داموللامنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى يىغىپ توپلاپ نەشر قىلىپ، ئاممىغا سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2008 - يىل فېۋرال، قەشقەر

---

[1] مېنىڭ ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە ساڭا ئېيتقانلىرىم نۇرمۇھەممەت زامان ئەپەندى تۈزگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشر قىلغان «ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 4 - تومدا بېسىلغان «نەسىھەتى ئامما»، تەتقىقاتچى ئۆمەر ئوسمان شىپاھى ئەپەندى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 5 - سانىدا ئەرەب تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان «مىفتاھۇل ئەدەب»، 1391 - ھىجرىيە سۇرىيە دەمەشقتە بېسىلغان «ئاقائىد زۆرۈرىيە»، تەتقىقاتچى رەجەپ يۈسۈپنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلغان ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرىدىن «مۇخەممەس»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى مۇستەقىل قاراشلىرىم ۋە يەنە تونۇلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناس، تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندىنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشر قىلغان «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» ناملىق كىتابىدىكى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «مىفتاھۇل - ئەدەب» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرىغا ياندىشىپ قاراشلىرىمدىن ئىبارەت.